



4

1992

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION



قول

ئابلز خوجامنياز فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى    قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
41 - يىل نەشرى    1992- يىل 4- سان (ئومۇمىي 197- سان)

# بوستاندا

## مەخسۇس ماقالە

«ئۇتۇق» مەڭگۈ پارلاق نۇر چاچىدۇ ........ مۇھەممەت زۇنۇن 2

## ئەدەبىيات گۈلزارى

كېچىدىكى ناخشا ئاۋازى ........ (ھېكايە) ........ ئاببas مۇنىياز 14
تەسىرات دېڭىزىدىن تامچىلار ..... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەنۋەر تاشتۆمۈر 22
كۈتۈلۈش ........ (ھېكايە) ........ مەھمۇت سىدىق 24
ئۇلار ساۋاب تاپماقتا ... («    ») ........ ياسىنجان سادىق 36

## ئاممىۋى مەدەنىيەت سېپىدە

سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى جانلاندۇرايلى ........ مۇھەممەت ئىسمائىل 31
«ئاممىۋى مەدەنىيەت» ناملىق كىتاب نەشر قىلىندى ........ ئابدۇۋەلى ھوشۇر 33

## سەھنە ئەسەرلىرى

ناخشا تېكىستلىرى ........ ساتتار توختى 34

## سەنئەت دۇنياسىدا

ئىسلامىيەتكىچە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرىي يادىكارلىقلىرىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى ........ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 42

## مەدەنىيەت سەنئەت گېزىتى

ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق سەنئەت كۆرىكى ئاياغلاشتى ........ ئامىنە ئابدۇرېشىت، تۇنىياز مەتنىياز، غەيرەت ئۆمەر 78

مۇقاۋىدا: ئۇستىكار (ماي بوياق) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئىسمائىل ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: قۇربان مامۇت، ساتتار توختى
بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

# «نۇتۇق» مەڭگۈ پارلاق نۇر چاچىدۇ





مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)

## 1

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات- سەنئەت خادىملىرى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشتا بۇرۇلۇش ياساپ، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قاينام - تاشقىنلىق ئىسلاھاتقا ئاتلىنىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق» ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىمەكتىمىز.

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»ى - ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ماركسىزملىق تارىخىي ھۆججەت، ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى تەرەققىياتى تارىخىدىكى بىر نامايەندە، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ قىبلىنامىسى. ئۇ، تارىختا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم دەستۇر.

يولداش ماۋزېدۇڭ «نۇتۇق»تا ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشىنى جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، 4-مايدىن بۇيانقى جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەپ، جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىلمىي يوسۇندا بايان قىلىپ، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نەزەرىيىسى، فاڭجېنى ۋە سىياسىتىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاڭ فورماتسىيىسىدىن ئىبارەت ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى، جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى تەنقىدىي يوسۇندا قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئاساسىي قوشۇنى ۋە ئىتتىپاقداش قوشۇنى، ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى بىرلىكسەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىپىكلەشتۈرۈش، ئىجادىيەت مېتودى قاتارلىق بىر قاتار پرىنسىپال مەسىلىلەرنى ماركسىزم - لېنىنىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئىلمىي يوسۇندا توغرا، مۇپەسسەل شەرھلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇقتىلىق ۋە مەركەزلىك ھالدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىش، خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىش يولدا ئېگىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ۋە گۈللىنىش يولىنى كۆرسىتىپ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئەدەبىيات - سەنئەتتە «پارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىسىنى يارىتىش» قاتارلىق ئىلمىي، ئىجادىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «نۇتۇق»تا شەرھلەنگەن ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى تېخىمۇ تولۇق، مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئايلاندۇردى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تۈپ پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تارىخىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇردى ۋە بېيىتتى. يولداش

دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزملىق ئاساسىي پرىنسىپ، مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلغا ئاساسەن، يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئەھۋاللارغا، يېڭى مەسىلىلەرگە، يېڭى تەلەپلەرگە، ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى يېڭى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قاتار يېڭى يەكۈن ۋە ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن:

خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكى، خەلقنىڭ سەنئەتكە، سەنئەتنىڭ خەلققە مۇھتاج ئىكەنلىكى؛

ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىيغا بېقىنمىدۇ، دېگەن شوئارنىڭ ئەمدى ئوتتۇرىغا قويۇلمايدىغانلىقى، بۇ ئەلۋەتتە ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىيدىن ئايرىلسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەسلىكى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىياسىيدىن ئايرىلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى؛

ھەر تەرەپنىڭ پىكرىگە كەمتەرلىك بىلەن قولاق سېلىپ، پايدىلىق پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىش — سەنئەتكارلارنىڭ داۋاملىق ئالغا بېسىشى، ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ بېرىشىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكى؛

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئوبدان رەھبەرلىك قىلىشى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش لازىملىقى؛

ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئەستايىدىل، جىددىي ئويلىنىپ، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلۇقنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىملىقى؛

سەنئەت قانۇنىيىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىش، نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىشنى ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار سەنئەت ئەمەلىيىتىدە ئىزدىنىش ۋە قەدەممۇ - قەدەم ھەل قىلىش، بۇ جەھەتتە قوپاللىق بىلەن ئارىلاشماسلىق؛

سىياسىي — ئىدىيىۋى سەپتە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە «سول» چىللىقىمۇ، «ئوڭ»-چىللىقىمۇ قارشى تۇرۇش ۋە باشقىلار.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى يېڭىباشتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈردى؛ يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىدە ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇردى؛ «ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، پرولېتارىيات سىياسىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» دېگەن شوئارنىڭ ئورنىغا «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تارىخىي بۇرچىنى تېخىمۇ توغرا يىغىنچاقلاپ، ئۇنى ساغلام تەرەققىيات يولىغا سالدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىگە دائىر ئەسەرلىرى ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىزدىكى پروگرامما خاراكتېرلىك مۇھىم ھۆججەت.

يولداش ماۋزېدۇڭ «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە

ئەگىشىپ، شەك - شۈبھىسىز ھالدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى بارلىققا كېلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى باشقا رەھبەرلەر سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى تىرىشىپ گۈللەندۈرۈشنى تەكىتلىدى. يولداش جياڭ زېمىن: سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش — ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ، ئومۇملۇقنىڭ تەلىپى، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈستىدە توختىلىپ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك، يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ۋە ‹بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش› فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى، خەلقنى زەھەرلەيدىغان، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويماسلىقى كېرەك؛ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشى، دۆلىتىمىزنىڭكىنى ئاساس قىلىشى، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل نەتىجىلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىشى كېرەك، مىللىي ئىنكارچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ بۇ ئاساسىي تەلەپلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ۋە پەن - مەدەنىيەت سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشىمىز، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتتى. بۇ بايانلاردا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تۈپ كۆز قارىشى ۋە مەيدانى نەزەرىيە جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت خىزمىتى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى دەپ قەيت قىلىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى ۋە رولى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

دۆلىتىمىز ھازىر يېڭى بىر سەلتەنەتلىك تارىخىي باسقۇچتا — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا. مۇشۇنداق زور بۇرۇلۇش دەۋرىدە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمىزدە رېئال تۇرمۇشنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز، دەۋر روھىنى ئىپادىلىشىمىز، خەلقنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ۋە پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، بىر ئەۋلاد غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان

يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كۆپ مىللەتلىك رايوندا ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى يەنە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. مانا بۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ يۆنىلىشى.

ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن توغرا نىشان كۆرسىتىپ بەردى ۋە كەڭ يول ئېچىپ بەردى. ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى ئېلىمىزدىكى بىر نەچچە ئەۋلاد يازغۇچى، سەنئەتكارلارنى ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئازاد رايونلىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا ئۈزۈل - كېسىل قارشى تۇرۇش يولىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنى ئورۇنداپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشى، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يېتىشتۈرۈشى، خەلقنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئېستېتىكىلىق تەلىپىنى قاندۇرۇشى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۆلچەرلىگۈسىز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

قىسقىسى ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى — ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، جۇڭگونىڭ يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىدىكى مول تەجرىبىلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى كوللېكتىپ ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «نۇتۇق» تا ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدىكى تۈپ پرىنسىپلار تامامەن توغرا، ئۇ ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى.

2

يولداش جياڭ زېمىن مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. سوتسىيالىزم دەۋرى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئورتاق راۋاجلىنىدىغان ۋە گۈللىنىدىغان دەۋر، بۇ، ھەر قايسى مىللەتلەر، جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىللەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىدىن ئايرىلمايدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى

ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەرنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە گۈللىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى پۈتكۈل سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. بۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. شىنجاڭ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان. بۇ يەردە شانلىق قەدىمكى مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مول ئەدەبىيات - سەنئەت بايلىقى بار. تارىختىن بۇيان ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان مول ۋە رەڭگارەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتىكى مەنبەسى قۇرۇماس بولاقتۇر. بىز مىللىي ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ئۇنى يېڭىلاپ، يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىل تەلىپى بويىچە، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە ھوزۇرلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۇلار ياقتۇرىدىغان، دەۋر روھىغا باي، تۈرلۈك ژانىردىكى نادىر ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىم. مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ياخشى يولغا قويۇپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش - بىزنىڭ تۈپ مىللىي سىياسىتىمىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى. بۇ سىياسەت شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. شىنجاڭ ئۇزۇن تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە كۆپ مىللەتلىك قەدىمكى رايون. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشى، دوستانە بىللە ئۆتۈشى باشتىن - ئاياغ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلمەكتە. بىز ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدىن ئىبارەت مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ باش تېمىسى ۋە ئاساسىي مۇقامىنى پۇختا ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىدىغان، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرايدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى تەڭ گۈللەنگەن ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ تارىختىن بۇيان ئالەمگە مەشھۇر «مۇقام - مەشرەپ دىيارى»، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»، ئۇ ئۇزۇن مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە مۇنبەت سەنئەت تۇپرىقىغا ئىگە. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئېستېتىك خاھىشى، سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىشتىكى

ئاممىۋى ئاساسىدىن قارىغاندا، ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى بويىچە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ناخشا - ئۇسسۇلنى ئاساسىي بۆسۈش نۇقتىسى، ئاساسىي تەرەققىيات گەۋدىسى قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەر خىل ژانىر، تۈرلىرىنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئاساس قىلغان، كۆپ خىل سەنئەت خىللىرى ئورتاق راۋاجلىنىدىغان ۋەزىيەت يارىتىشىمىز، كۈچلۈك دەۋر روھى ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بۆسۈش خاراكتېرىدىكى بىر تۈركۈم نادىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىنى، بولۇپمۇ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، كۆپ مىللەتلىك جۇڭخوا سەنئەت خەزىنىسىگە يېڭى تۆھپە قوشالايمىز. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى يېڭى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرەلەيمىز.

## 3

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت بەرپا قىلىش يولىدا ئىنتىلىپ كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە «سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساسىي مۇقام قىلىش» بىلەن «ئېسىل مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللانماقتا. شىنجاڭمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىگە قەدەم قويدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. بۇ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامى ۋە كۈچلۈك ساداسى. بىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمىزدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى قەھرىمانلىقلىرى ۋە پارلاق ئوبرازىنى ياخشى ئىپادىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، بىر ئەۋلاد غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

ھازىر، خەلقئارا ۋەزىيەت يەنىلا ناھايىتى مۇرەككەپ. خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستى دۆلىتىمىز ئۈچۈن رېئال خەۋپ بولۇپ تۇرماقتا. ئىدېئولوگىيە ساھەسى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مۇھىم سېپى، ئاساسلىق جەڭ مەيدانى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى بولسا، ئالدىنقى سەپ بازىسى. سوتسىيالىزمنى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان يېڭى كىشىلەرنى سەھنىمىز، قىزغىن ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپە تارىخىي يوسۇندا ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر سوتسىيالىزم مەيدانىدا، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش فاڭجېنىدا، جامائەت پىكرىنى توغرا تەرەپكە يېتەكلەش يۆنىلىشىدە تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى پۇختا ئىگىلەپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، قاينام-تاشقىنلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى، خەلق ئاممىسىنىڭ جاسارەت بىلەن ئىزدىنىپ ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىۋاتقان ئەمەلىيىتى، لېيفېڭدىن، ۋاڭ ۋېيدىن، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، زور كۈچ بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىۋاتقان ئەمەلىيەتتىن ئوزۇق ئېلىپ، ئىجادىيەت مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئىجادىيەت يوللىرىنى ئېچىپ، دەۋر روھىغا باي، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بولغان ئېتىقادىنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن ئېسىل مىللىي، ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، چوقۇم سوتسىيالىستىك دەۋر روھى بىلەن سەنئەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنى بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

كۆپ مىللەتلىك شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللىي ئالاھىدىلىك - ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ مۇھىم ئامىلى، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا يۈزلىنىشىنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى.

مىللىي ئالاھىدىلىك نۇقۇل شەكىل مەسىلىسىلا ئەمەس، ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىنىدىغان تۇرمۇش مەزمۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىمۇ روشەن مىللىي خاسلىققا ۋە قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇشى لازىم.

بىز ھازىر سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي دەۋردە تۇرماقتىمىز. ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە 8 - بەش يىللىق پىلانى پروگراممىسىنى تۈزدى. بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي، تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» نى چىقاردى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش سۇڭ خەنلياڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: شىنجاڭنىڭ ئالدىدا ئۈچ چوڭ تارىخىي پۇرسەت، يەنى دۆلەت سىياسىتىنىڭ مايىللىقى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت، ئاسىيا - ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت، نېفىتلىكنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرماقتا. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شىنجاڭغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە غايەت زور ۋە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلماقتا. باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات ۋە ئۆزىنى تەقدىم قىلىش روھى شىنجاڭدىكى يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىم، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. سەنئەتكارلىرىمىز بۇ ئېسىل روھنى چىنلىق بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرسە، شۈبھىسىز، بۇ خىل سەنئەت ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تارىخنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بۈيۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا ئىجاد قىلغان ئېسىل ئەنئەنىۋى سەنئىتى يېڭى دەۋر سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن باي مەنبە ۋە خۇرۇچتۇر. ئەنئەنىۋى سەنئەتنىڭ ئېسىل ئامىللىرىنى نۇرلاندۇرۇش، ھازىرقى دەۋر شارائىتىدا ئەنئەنىۋى سەنئەتنى زامانىۋىلىق يولىغا باشلاش، مىللىي ھېسسىياتنى تەربىيىلەش، مىللىي روھىي ھالەتنى ساغلاملاشتۇرۇش، مىللىي روھنى يۈكسەلدۈرۈش، مىللەتنىڭ مەرىپەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئەنئەنىۋى سەنئەتنى ئىجادىي رەۋىشتە يۈكسەلدۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى توغرا تونۇشىمىز ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، ۋارىسلىق قىلىش. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئەنئەنىۋى سەنئەت مىراسلىرىنى قېزىش،

توپلاش، رەتلەش جەھەتتە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. لېكىن ئىنسانىيەت تارىخىدا غايەت زور تۆھپە قوشقان، ئۇزۇن تارىخقا، تەسىر تىرەنلىكىگە، مول مەزمۇنغا، يۈكسەك بەدىئىي تەسىرچانلىققا ئىگە ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى بىپايان ئەزىم دەرياغا ئوخشاتساق، بۇ ساھەدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز ئۇنىڭدىكى بىر ئېرىق - شاخاپچىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك - بىباھا مىراس «12 مۇقام»نى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋارىسلىق قىلىپ زامانىمىزغىچە يەتكۈزۈشى، ئۇ ئورۇندىغان نۇسخىسىغا ئاساسەن مۇزىكا خادىملىرىنىڭ 41 يىل جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىشى - ئىشلىشى نەتىجىسىدە قېزىش، توپلاش، تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەپ چىقىش خىزمىتى تاماملانغان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك مۇقاملار ۋە تۈرلۈك سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا. بىز بۇ تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى قەدىرلىشىمىز، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن يىغىش، رەتلەش، تەتقىق خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، ئەينەك قىلىش. ئەنئەنىۋى، مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىنى نۇرلاندۇرۇش، ئۇنىڭ نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى تەكىتلەش ھەرگىزمۇ مىللىي مەدەنىيەتنى ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ، يەككە - يېگانە ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىز مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ھەم چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى ئەينەك قىلىش، قوبۇل قىلىشتا «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۇنياغا يۈزلىنىپ، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر سەنئىتىدىن، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ نادىر سەنئەت مېۋىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار سەنئەت شەكلى، بەدىئىي ماھارەتلىرىنى ئەينەك قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي سەنئىتىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشىمىز، گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، يېڭىلىق يارىتىش. ئەنئەنىۋى، مىللىي سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى ئەينەك قىلىشتىكى مەقسەت جەۋھەرلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، شاكىلىنى، سەلبىي ئەھمىيەتسىزلىشىپ تۇرغانلىرىنى تاشلىۋېتىپ شۇ ئاساستا يېڭىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت؛ دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسى ئەدەبىيات - سەنئەتكە نىسبەتەن يېڭى ئىستېتىك تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئىسلاھ قىلمىساق، يېڭىلىق ياراتمىساق، ئۇ ھالدا سەنئىتىمىز يېگىلەپ قالىدۇ، دەۋرنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ

ئەستېتىك ئېھتىياجى — زوۋقى - شەۋقىنى قاندۇرالمايدۇ. بۇ خىلاپلىق قىلىنىلى بولمايدىغان سەنئەت قانۇنىيىتى. ئەمدى كونا سەنئەتكە دەسسەشنى، ئاتام ئېيتقان بايىقى پەدە بويىچە ئىش قىلىشنى خەلق قوبۇل كۆرمەيدۇ. ھەقىقىي گۈللىنىشمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش سەنئەت تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە. ھەرمىللەت سەنئەتكارلىرىدا ئۆتمۈشتىكىلەرگە ۋارىسلىق قىلىدىغان، ھازىرقىنىمۇ نەزەر - ئېتىباردىن قالدۇرمايدىغان، ئۆتمۈشتىكىلىرى بىلەن ھازىرقىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ بېيىتىدىغان، شۇنىڭ بىلەن كەلگۈسىنىمۇ نىشانلايدىغان باش قاتۇرۇش - ئىزدىنىش روھىنى تۇرغۇزۇپ، ئەنئەنىۋى سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش، قوبۇل قىلىش، ئەينەك قىلىش ئاساسىدا ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتكە سىڭدۈرۈپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مىللىي سەنئەت يارىتىشقا يېتەكلەش لازىم.

يېڭىلىق يارىتىش — مۇشەققەتلىك ئىزدىنىش جەريانىدۇر. بۇ جەرياندا تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىق، قارىمۇ قارشىلىقلاردىن ساقلىنىش قىيىن. شۇڭا، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجاد قىلىشى، يېڭىلىق يارىتىشى ئۈچۈن ئازادە - دېموكراتىك مۇھىت يارىتىپ بېرىش لازىم. سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈستىدە يەككىلىك بىلەن خۇلاسە چىقىرىشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ بەس-مۇنازىرە خاراكتېرىنى ئالغان ئەسەرلەرگە قارىتا تېخىمۇ كەڭ قورساق بولۇپ، سەنئەتكارلارنىڭ سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىزدىنىپ، مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قىلىپ توغرا يەكۈن چىقىرىشىغا يول قويۇش لازىم.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىر خىل ئىجادىي ئەقلىي ئەمگەك، شۇڭا يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى بويىچە ئۆزىنىڭ شارائىتى ۋە ئارزۇسىغا كۆرە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئىجادىيەتچىلەر سيۇژىت، ئاساسىي تېما، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە ئېقىم جەھەتتە كەڭ ئەركىنلىككە ئىگە. ئىجادىيەت مەزمۇنىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش، دەۋر ۋە تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈش، بەدىئىي جەھەتتە ئىپادىلەشنى كۆپ خىللاشتۇرۇشتا مىللىيلىك ۋە ئاممىۋىيلىقنى تەكىتلەپ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان جۇشقۇن كەيپىياتنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم.

4

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى «نۇتۇق»نىڭ روھىنى، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت بەرپا قىلىشتا چوقۇم ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەيدان، كۆز قاراش، ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەتتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، سەنئەتكارلار ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا نېمىنىڭ سوتسىيالىستىك

قۇرۇلۇشقا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ ئۇنىڭغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، نېمىنى تەشەببۇس قىلىپ، نېمىگە قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى ئېنىق تونۇپ، ئىجادىيەتتە توغرا يولغا ئىگە بولالايمىز. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش يولىدا ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز.

ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى «نۇتۇق» نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش؛ تۇرمۇش — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى؛ ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇش؛ تىرىشىپ دۇنياقاراشنى ئۆزگەرتىش؛ ئاممە بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، تۇرمۇشقا، ئاممىغا، قاينام - تاشقىنلىق ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىش؛ توغرا ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن يۈكسەك بەدىئىي شەكىلنىڭ بىردەكلىكى قاتارلىق تۈپ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قوبۇلنامە قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى بىۋاسىتە رېئاللىق ئىچىگە قويۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رېئال تۇرمۇشقا ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر چۆكۈشىمىز، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ۋە زىيالىيلار ئارىسىغا بېرىشىمىز ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىشىشىمىز، ئۇلارنىڭ رەڭگارەڭ، مول، رېئال تۇرمۇشىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس مەنبەسى قىلىپ، قاينام - تاشقىنلىق زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىدىن سىيۇژېت، ئاساسىي تېما، مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ خام ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ، ئۆز دەۋرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇقلىشىمىز، قايناق ھېسسىيات ۋە ئىلھامغا ئىگە بولۇشىمىز لازىم.

سەنئەت ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر بىر دەۋر شۇ دەۋر بىلەن ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش بولغان ئۇلۇغ يازغۇچى، سەنئەتكارلارنى مەيدانغا چىقىرىدۇ، شۇ دەۋرنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنىمۇ مەيدانغا چىقىرىدۇ. شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، «نۇتۇق» نىڭ شانلىق روھى بويىچە، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىدىغان ۋە ئۆزلەشتۈرىدىغان، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ خەلق ئاممىسى بىرلىشىش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭىدىغان، ئىجادىيەتتە دەۋر روھى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرىدىغانلا بولساق، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىدە چوقۇم مىسلىسىز راۋاجلىنىش ۋە گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىدۇ.



# كېچىدىكى ناخشا ئاۋازى



(ھېكايە)

**ئاببас مۇنىياز**



بۇ قەدىمكى، كۆجۈم مەھەللە تۈن پەردىسى يېپىلىش بىلەن تەڭ سۈرلۈك تۈس ئېلىپ، يولۇچىلارنىڭ تېخى بايىلا ئاڭلىنىۋاتقان ئېگىز-پەس ناخشىلىرى، كۈلكە-چاقچاقلىرىدىن، ماشىنا-تراكتورلارنىڭ شاۋقۇنلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. خورازلارنىڭ چىللىغان ئاۋازلىرى ۋە ئىتلارنىڭ ئارىلاپ-ئارىلاپ ۋەھىمىلىك ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كېچە ۋەھىمىسىدىن بىغەم مۈگدەۋاتقان بۇ ئۆيدە سانىيە ئېغىر تىنىپ، تەنھا ھالدا ياتاتتى. ئۇ، گاھ ئۇيان، گاھ بۇيانغا ئۆرۈلەتتى. بىردە چېچىنى رەھىمسىزلىك بىلەن يۇلسا، بىردە نېپىز لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلەيتتى. ئۇنى چىدىغۇسىز ئازاب، نومۇس ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، شەپقەتسىزلىك بىلەن قىيناۋاتقان ئىدى. «سانىيە، يۈزۈلماس قېرى قىز، ساڭا يەنە بىر چىرايلىق نام قوشۇلدى، بۇنىڭدىن كېيىن سەن خەقنىڭ ئاغزىدا ئەبەدىي ‹سانىيە بوغاز› بولدۇڭ... ئاھ! بۇ نامنىڭ سەتلىكى. ئەمدى ساڭا نې ئات، نى نومۇس؟ ياق، سەن ئۆلۈپلا تۈگەشكەن،

ھەممىدىن-ئازابىتىمۇ، خورلۇقتىمۇ قۇتۇل!...»

ئۇ، پېشانىسىنى قاتتىق مورلايتتى، بۇقۇلداپ يىغلايتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇ تەسەللىگە، يول كۆرسىتىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈدىغان ئادەمگە نەقەدەر مۇھتاج-ھە؟! ئۇ، بارغانچە ئۆپكىدەپ كېتىۋاتاتتى....

تۇيۇقسىزلا ئاڭلانغان تونۇشلا بىر ناخشا كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزدى. مۇڭلۇق ئاۋازدا ئېيتىلغان بۇ ناخشا تۈن پەردىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۆزىگە تونۇش بولغان بىر جىسمىنى-ئازابتىن پۇچۇلىنىۋاتقان بىر يۈرەكنى لەرزىگە سالدى. ئۇنى يېقىملىق بىر مۇھىتقا ئەسىر قىلىپ، شېرىن تۇيغۇ ئىچىدە تىترەتتى... ناخشىدىكى مۇڭ، رىتىم.... تېپىچەكلەپ كېتىۋاتقان بۇ يۈرەكتىكى مۇڭغا، رىتىمغا شۇقەدەر ئوخشاش ئىدىكى، ئۇلار بۇ ئوخشاشلىقى بىلەن بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتمەكتە ئىدى.

سانىيە يىغىدىن توختىدى. بۇ ناخشا، ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ياتقۇرۇپ ئاڭلايدىغان، ئۇنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن، تومۇرلىرىدا بىرگە ئېقىۋاتقان ناخشا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، جىمەكى بالانى تېردىغانمۇ، ئۇنى مۇشۇ كۈنگە قويغانمۇ مۇشۇ ناخشا، مۇشۇ ناخشىنى ئېيتقۇچى...

* * *

سانىيە شەھەر سىرتىغىراق جايلاشقان بۇ مەھەللىدىكى چوڭ يول بويىدا ئۆيى بار موللەك مۆمىن دېگەن دېھقاننىڭ ئەتىۋارلىق بالىسى ئىدى. ئاپىسى ھاۋاخان تولىمۇ ئەتىۋارلاپ ياساپ-جابدۇپ چوڭ قىلغىنى ئۈچۈنمىكىن، ئۇ ياسانچۇق، نەزىرى ئۈستۈن قىز بولۇپ يېتىلدى. ئۇ چوڭ بولغانسېرى بۇ مەھەللىدىكى ھەممە ئوغۇللارنىڭ يۈرىكىنى سىرقىرىتىپ، ھېسسىياتىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىدىغان گۈزەللىك چولپانى، ھەسەتخور قىزلارنىڭ يېگانە دۈشمىنى بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى، ئىنچىكە بەللىرى ئۈستىدە شوخلۇق بىلەن ئويناپ تۇرغان ئەگكى ئۆرۈمە چېچى، سۇتتەك سۈزۈك ئۆڭى، چىرايلىق كۆتۈرۈلۈپ چىققىنىنى ئاز دېگەندە، بۇلۇنۇپ تۇرىدىغان جەلىپكار كۆكسى ئۇنىڭغا يولۇققانلىكى ئوغۇللارنى قانداقتۇر بىر خىل ھېسسىياتلارغا كەلتۈرۈپ قوياتتى...شۇ چاغلاردا ئۇنىڭغا قانات سۆرىشىپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەپسۇسكى، ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن لايىقلار ھەر خىل-باھانە سەۋەبلەر بىلەن ياندۇرۇۋېتىلدى، سانىيەمۇ ئاپىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە نەزىرىنى «ئۈستۈن» تۇتۇپ يۈردى، كۈنلەر ئۆتۈۋەردى... بەزى يىگىتلەر ئۇنىڭدىن دەشنام يېيىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا زادىلا ئېغىز ئاچمىدى... ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى گۈزەللىكىنى، گۈزەللىكتىن تاپقان ئابرويىنى يوقىتىپ، «ئىنەك»، «خاخش»، «قېرى قىز» ئاتالدى. شۇنداق، ئۇ، قېرى قىز- 28 ياشقا كىرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆكسى ئالدىغا، سۆڭگەكچى كەينىگە چىقىپ، مېڭەشلىرى ئۆردەكنىڭكىگە ئوخشاپ قالغان قېرى قىز بۇ مەھەللىدە شۇنداق ئات كۆتۈرمەي نېمە بولماقچى ئىدى؟ لەقەم قويىدۇك، دەپ تېرىكىپ خەقنى تىللىغىلى بولاتتىمۇ؟

ئۇ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ، ئاپىسىغا قارىغۇلارچە، ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئاپىسىنىڭ مۇلايىملىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىدا، ئەركەكلەردىن قېچىپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ يېتەتتى. «ئەر خەق دېگەن ئېزىتقۇ نەرسىلەر،-دەيتتى ئاپىسى،-چىشىڭنىڭ ئېقىنى ئازراقلا كۆرسىتىپ قويساڭ، بوپبوپتۇ. ئارقاڭدىن كۈرسۈك ئىتتەك ئەگىشىۋېلىپ ئارام بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭسېنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان شېرىن سۆزلىرىدىن ھېزى بولسەن مەھەللىدىكى ھەممە خەقنىڭ قىزلىرىدىن چىرايلىق، توپا چىراي بىر نېمىلەرنىڭ ساڭا

ھەزىل قىلىپ يۈرگىنى بىكار، سېنى خۇدايىم بۇيرىسا شەھەرگە بېرىمەن، كېيىمنى ئوبدان ئالىلا. قىز بالا دېگەن ئاتا-ئانىسىنىڭ كېپىگە كىرىدىغان... پايلاپ يۈرگەن ھاردىملار سېنى ئازدۇرۇپ يۈرمىسۇن...»

بۇ گەپلەرنىڭ نەرى خاتا؟ سانىيە ئۆزىنى ئۆيىنىڭ ئىشىغىمۇ سالمىغان، پەيلەپ چوڭ قىلغان مۇشۇنداق ئاپىسىنىڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنەتتى... ئاپىسى سانىيەنى باشقا كىشىلەر (ھەتتا ئاياللار)دىن قىزغىناتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنى تۇزۇكرەك ئوقۇتماي ئوقۇشىنى قويدى. ئۇ، ساۋاتسىزلىقتىن جىلى بولىمۇ، لېكىن ئاپىسىدىن رەنجىمەيتتى. «ئاپامدەك ئاپا دۇنيادا بىرلا. قېنى بۇ مەھەللىدە قايسى قىزنىڭ شەھەر قىزلىرىدەك ئايرىم ياتىدىغان ئۆيى بار. قايسىسى مەندەك راھەتتە يۈرەلەيدۇ؟» دەيتتى ئۇ پەخىرلىنىپ. ھاۋاخاننىڭ كۆڭلىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. ئۇمۇ مۇشۇ تىكەندەك قىزى ئۈچۈن ياشاۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭغا بەختىنى كىم تېپىپ بېرىدۇ؟ مۇشۇ ئاپىسى تېپىپ بېرىشى كېرەكتە...

سانىيە ئاپىسىنىڭ باشلىغان يولى مۇشۇ ئازابنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەمدى ئۇ، ئىلگىرىكى يولىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك ئىدى.

* * *

كىشىلىك تۇرمۇش دېگەندە سۆڭگەكچە «پاقىمدە» بېرىنى ئۇرۇپلا گەپ تېپىپ، خەقلەرنى گىژ-گىژگە سالىدىغانلار ئازمۇ؟ مۇنداقلارنىڭ كاساپىتىدىن بولسا كېرەك، قىزىغا ھېچقاچان قاپاق تۈرۈپ گەپ قىلمايدىغان ھاۋاخان بۈگۈن چېچىلىپ قالغان ئىدى.

— ھەي سانىي، يولنى چوڭ ئاپاڭنىڭكىگە سېلىپ، نەلەردە غىتمىلداپ يۈردۈڭ؟ سېنى ئەر خەقلەر بىلەن ئۇزاق گەپلىشىپ تۇردى، دەيدىغۇ؟ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرگىلى قويامسەن-قويمامسەن بۇزۇق؟!... مۇشۇنداقلا قىلىدىغان بولساڭ تورۇسقا ئېسىۋېتىمەن. سېنى يۆلەپمۇ مۇشۇ يەرگە كەلدىم. ئەمدى ساڭا مۈڭگۈز چىقىپتۇ. بولدى، بىكارچىلىقتىن زېرىككەن بولساڭ، مەن بىلەن دۆڭ مەھەللىگە لاپقۇتقا چىق!

سانىيە لام-جىم دېمىدى. لېكىن ئۇ ئاپىسىنىڭ بۇ كېيىنكى قاتتىق ھار ئالغان ئىدى. ئىلگىرى ئاپىسىنىڭ بۇنداق گەپلىرىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. مانا ئەمدى چوپچوڭ بولغاندا... «بۇ كەمگىچە قاتتىق-يەرلىك گەپ قىلماي، ئەمدى ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق... ئەر خەق بىلەن بىردەم-يېرىمدەم گەپلىشىپ تۇرغانغا نېمە بولىدۇ؟» ئۇنىڭ ئاپىسىغا يانغىسى، يىغلىغىسى كەلدى. «مەيلى، ئېتىمىزغا چىققانغا ئادەم ئۆلمەس». ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئاپىسىغا بولغان تۈنجى ھەم كۈچلۈك نارازىلىق تۇيغۇسى ئويغاندى.

* * *

كۆڭۈل دېگەن بەزىدە ئادەم بىلەن چېقىشىپ قويىدىغانمۇ ئوخشايدۇ. «دۆڭ مەھەللە»گە چىقماستا، ئۇ ئۆزىدىكى ھەر قانداق ھېسسىياتنى تىزگىنلەشكە قادىر ئىدى. ئەمدى قەلبى ئۇنىڭغا بويسۇنمايۋاتاتتى. ئازاب بىلەن لەززەت ئارىلىشىپ كەتكەن يېڭىچە بىر ھېسسىيات ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا باشقىچە، يېڭىچە تۇيغۇ ئويغاتماقتا ئىدى. ئۇنىڭغا بىئاراملىق ئېلىپ كەلگەن بۇ تۇيغۇنىڭ مەنبەسى بار ئىدى. بۇ مەنبە لاپقۇتقا چىققاندا «دۆڭ مەھەللە»دە ئۇچراتقان ھېلىقى ناخشىچى يىگىت سۇلتان ئىدى. ئۇ دەسلەپكى كۈنىلا سانىيەنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

شۇ كۈنى ئۇلار بۇغداي ئورۇۋاتاتتى. ئەر-ئايال بولۇپ 10-15 ئادەم بىر بويلىمىغا چۈشكەن ئىدى. تەڭ قەپەلگە كەلگەندە ھەممە ئادەم ھەر خىل يوللار بىلەن ھارغىنلىقىنى ئىپادىلىدى. سانىيە باشقىلاردىن خېلىلا كېيىن قالغان ئىدى. ئۇ، ئورۇشتىن توختاپ ئۆزىنى

رۇسلىدى ۋە بىلىنگە قاتتىق - قاتتىق مۇشتلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىدىراق كېتىۋاتقان بىر يىگىت (تېخى ھېلىلا يېقىملىق ناخشىلارنى تىڭلاپ، ھەممە خەقنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈۋەتكەن سۇلتان) بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ ئورغاق تۇتقان قولىنىڭ كەينى بىلەنلا پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتى ۋە كەينىگە بۇرۇلدى. كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ كۆزى سانىيەنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ، پېشانىسى ئۈستىدىكى قولىنى چۈشۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، سانىيەگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. سانىيەمۇ كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقەگە دۇچ كەلگەندەك ئۆزىنى باشقۇرالماي قالدى...

شۇ چاغدا يىگىتنىڭ شالاڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى يوغان كۆزلىرىدىن ئوخچۇپ چىققان كۈچلۈك بىر ئېقىم ئۇدۇل كېلىپ سانىيەنىڭ يۈرىكى ئارقىلىق پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ كەتتى. ئۇ، كۆزىنى دەرھال باشقا ياققا تىكىپلا، ئىختىيارسىز ئولتۇرۇپ قالدى . . . يىگىت ئۇنىڭغا قايتا قاراپ تۇرۇۋالمىدى. لېكىن شۇندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ناخشىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. سانىيەدىن ھېيىققاندەك، ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى تىترەپ چىقىۋاتاتتى. ئاھاڭىمۇ بارغانسېرى يېڭىلىنىپ بارماقتا ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە سانىيە يىگىت ئېيتقان ھەر بىر ناخشىنى ئۆزىگە ئېلىۋالدى ۋە يوشۇرۇن ئىزا تارتىپ يۈردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ، بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، گەپ - سۆزلىرىدىن بەئەينى سانىيە كۈتكەندەك . . . پەقەت ئۇنىڭغىلا ئاتاپ ئېيتىۋاتقاندەك لەرزان ناخشىلىرىچۇ؟ . . . يىگىت ئۇنىڭغا بىر قېتىم پەقەت بىر قېتىملا تىكىلىپ قارىغان ئىدى . . . بۇ بىر قېتىملىق قاراش ھەممىنى ئۆزگەرتتى . . . سانىيە شېرىن تۇيغۇلارغا ئەسىر بولاتتى - يۇ، يەنە ئاپىسىدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان ئېچىلمايۋاتقان قاپىقىنى، جاندىن ئۆتۈۋىدىغان ئاچچىق سۆزلىرىنى ئويلىسا، لەززەتلىك خىياللاردىن ۋاز كېچىشكە ئۇرۇناتتى. ئۆز بويلۇق بولۇپ (راستىنى ئېيتساق، سانىيە ئاللىقاچان ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغان، بۇ يەردە ئۇنى ئاياۋاتىمىز)، تۇنجى تۇيغۇغا ئەسىر بولغان بىر قىز ئۈچۈن قەلبىنىڭ نازۇك جايلىرىدىن ئورۇن ئالغان كۈچلۈك ھېسسىياتنى تىزگىنلەش ئاسان دەمسىز؟ سۇلتاننىڭ شوخلۇق تېپىپ تۇرغان جۇشقۇن ئوبرازى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەر قاچان نامايان ئىدى . . . ئەمدى ئىشەندىكى، ئۇنىڭ قەلبى خۇش چاقچاق، ھېسسىياتچان بۇ يىگىتكە كۆرۈنمەس، لېكىن ئۈزۈلمەس بىر يىپ بىلەن مۇستەھكەم باغلىنىپ قالغان ئىدى.

سۇلتانمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتاپ قويغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ بىر نېمىلەرنى باھانە قىلىپ، خېلى يىراقتىكى «دۆڭ مەھەللە» دىن بۇ يەرگە كېلىپ كۈن - كۈنلەپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇنى كۆرگەن سانىيە نېمە قىلارىنى بىلمەي بىھۇشلۇق ئىچىدە ئۆتەتتى. ئۇ قورقۇۋاتاتتى، گەپ دېسە جىننى بېرىدىغان ئاپىسىنىڭ تىللاپ، رەسۋايى - ئېزىم قىلىۋېتىشىدىن قورقۇۋاتاتتى. تېخى ئۆتكەن ھەپتىلا ئاپىسى ئۇنىڭغا: «كۆتۈڭنى غىت قىسىپ يۈر، نېرى - بېرى گەپ ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن» دېگەن ئىدى.

ئاپىسى ئۇنىڭغا ئازراق يول قويغان بولسا، مۇشۇ بىر قېتىملا يول قويغان بولسىچۇ؟ . . . ئۇ ئاخشاملىرى يالغۇز يېتىپ يىغلايتتى. خۇدادىن بەختىنى تىلەيتتى. ئۇ، ئۆزىگە ئازابلىق بىلىنگەن، لېكىن، يەنە قانداقتۇر بىر لەززەت ئېلىپ كېلىۋاتقان

ئىنتىلىشچان ھەسسىياتىنى ئاران بېسىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، يەنىلا ئاپىسىغا ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. ئۇنى قىينىغان، ئۇنىڭ ئۇچۇن تولىمۇ ئۇزۇن تۇيۇلغان ئايدىن بىر نەچچىسى ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە «دۆڭ مەھەللە»دىن ئەلچى كەلدى. ئەلچى مەقسىتىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇردى.

— بۇ كەمنىڭ ياش باللىرى ئېلىپ - تىگىشىدىغان ئادەمنى ئۆزلىرى تېپىپ، بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا - ئانىسىنىڭ كېپىنى بىر پۇلدە ئۇچۇرۇۋېتىدىغان بولۇۋېلىشتى، - دېدى ھاۋاخان ئەلچىنىڭ كېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەلىتىە ئاھاڭدا، - بىزنىڭ سانىيەمۇ ئەسلىدە بىرسى بىلەن پۇتۇشۇپ قويغان چېغىكەن، چاي ئىچكۈزۈپ قويۇپتۇق، يۈز دېگەن گۆشكەن، يېنىۋالغىلى بولماس، بولمىسا سىلىدىن قىز ئايامدىغان . . . چېغىمدا سۇلتان قارىيمۇ بەلەن ئوغۇل، خۇدا بەختىنى بەرسە، ئۇنىڭغىمۇ ئوبدانراق يەردىن لايىق چىقىپ قالار . . .

ئەلچى چىقىپ كەتتى. ھاۋاخان ئەلچىنى يالغان گەپ بىلەنلا يولغا سالغان ئىدى. سانىيە بۇنى بىلىپ، ئۆزى ئايرىدىم ئۆيدە تىپىرلاپ كەتتى. بىراق ئاپىسىغا نېمە دېيەلەيتتى؟ ئاپىسىغا بىر نېمە دېيەلمەيلا قالماستىن، قاتتىق دەشنام يېدى:

— ھەي سانىي - ھەي سانىي، ھېچنېمىنى ئۇقماي يۈرۈپتىمەن - دە، - دېدى ئاپىسى ئۇنىڭغا چەكچىيىپ، - بېشىڭنى ئېچىگە تىقىپ يۈرگەندەك قىلغان بىلەن ئۆزۈڭگە ئەر تېپىپسەن - ھە، پاسكىنا. شۇ «دۆڭ مەھەللە»گە ئاپارمىسامۇ بوپتىكەن ئۆتەپ - تېشىپ تاپقىنىڭ ئاشۇ سۇلتان دېگەن قارا گەدەنمۇ؟ . . . ئۇخلاپ چۈشۈڭ، ھېلىمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان، ئاۋۇ بەش كۈنلۈك يەردىكى يالاڭتۆش سۇلتانبىكەن، مۇشۇ مەھەللىدىكى قول ئىلكىدە بار نىنى ئادەمنىڭ بالا - ۋاقىسىغا: «قىزىدىم باشقا قىزلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ لايىقى بار، شەھەرگە ياتلىق قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنمەن. ئۇنداق نېمىگە بېرىدىغان قىز يوق. ئەمدى كۆتۈلگىنى غىت قىسىپ ئۆيدە ئولتۇر، بولمىسا ماڭا ئىش تېپىپ بېرىدىكەنسەن. سېنى كىمگە بېرىشنى ئۆزۈم بىلىمەن. ھەر قانچە ئالدىراپ كەتكەن بولساڭمۇ، تولا باشباشتاقلىق قىلماي مېنىڭ ئاغزىمغا قارا! . . . بىلىپ قوي، بۇندىن كېيىن سۇلتاننى ئۆينىڭ ئەتراپىدا كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، تىللاپ پۇسكايتىمۋېتىمەن.

مانا، ھەممىسى ئاشكارا بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى گەپنى دېيىشكىمۇ ئورۇن قالمىغان ئىدى. ئاپىسىنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تاشنى ئېرىتكۈدەك تاتلىق گەپلىرىمۇ، يۈرەكنى ئەزگۈدەك قاتتىق يىغىسىمۇ تەسىر قىلالمايدىغاندەك، لېكىن نېمىلا بولمىسۇن بۇ گەپنى ئاپىسىغا دەپ بېقىشى كېرەك ئىدى. «نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ يەنىلا ئاپامغۇ؟ باغرىنى يېرىپ چىققان قىزىغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ يول قويار. يىغلاپ تۇرۇپ دەپ باقاي». ئۇ، مۇشۇخىيالغا كېلىپ، يەنە يېنىۋېلىپ بىر نەچچە كۈنگىچە كۆڭلىنى توختىتالمىدى. ئاخىرى ئۇ بىر قارارغا كەلدى . . . ئۇ، ئاپىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى. ئىست، ئۇنىڭ مۆڭ - زارى دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىبان بولغان ئاپىسىغا ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ئازراقمۇ تەسىر قىلمىدى. سانىيەنىڭ يىغىسى ئاچچىقچان ئاپىسىنى تېخىمۇ سەپرا مىجەز قىلىپ قويدى، خالاس. ئۇ، ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىپ قېلىشىنى ئويلىمىغان ئىدى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن سانىيە ئاپىسىغا ئىچىدە داۋاملىق غەزەبلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاپىسى ئۇنىڭغۇ باشقۇرسۇن، ئەجەب

ئۇنىڭ ھېسسىياتىنىمۇ باشقۇرۇشقا ئۇرۇنسا. «مېنى ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلىمەن دەپ ھېچنەمىگە يارىمايدىغان، ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان ناتىۋچى قىلىپ قويغىچە، بۆلەك خەقنىڭ قىزلىرىغا ئوخشاش ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان ئادەم قىلىپ چوڭ قىلسا بولماسمىدى . . . لەنەت، سەندەك ئاپىغا».

ئۇ، ئاپىسىدىن قاتتىق رەنجىگەن ئىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك يات خەقلەرمۇ ئۇنىڭ چېشىغا تەگكىلى تۇردى. يولدىكى ئوششاق بالىلار ئۇنى كۆرسىلا: «مۇ . . . ئىنەك» «ھو . . . ش، سانىي ئىنەك» دەپ قېچىپ كېتىدىغان، چوڭلار بىر - بىرىگە قۇلاق يېقىشىپ پىچىرلىشىدىغان بولۇۋېلىشتى. قىزلىرى بويىغا يېتەر - يەتمەيلا ئۇلارغا ئەر تېپىپ، توي خېتى بېرىدىغان ئورۇندىكى ئادەملەرنىڭ يېنىغا كۈندە نەچچە ۋاق قاتىراپ، ئۇلارنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ كېتىدىغان خەق بار بۇ مەھەللىدە سانىيەدەك «قېرى قىز» لارنىڭ ئەرسىز يۈرۈپ كېتىشى ئەيىب ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بەزى مويسىپىتلار ئۇنىڭ غېمىنى يەپ: «قىزبالا دېگەن سانىيەدەك قېرى قىز بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئىش چاتاق. ھاۋاخان ئەمدى قانداق قىلار ئۇنى . . .» دېيىشەتتى.

بالىلارنىڭ زەھەردەك گەپلىرى، چوڭلارنىڭ غەيۋەت - شىكايەتلىرىنى ئاڭلىغان سانىيە ئۆيىگە كېلىپلا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلايتتى ۋە ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولۇپ يۈرگەن ئاپىسىنى تىللايتتى: «ھو . . . شەھەر دېگەن جان بېرىدىغان ئابرويپەرەس قېرى، - دەيتتى ئۇ ئىچىدە، - سەندەك ئادەمنىڭ بالىسى بولۇپ قالغىچە ئۆلۈپلا قالسامچۇ . . . شەھەر - شەھەر دەپ يۈرۈپمۇ مېنى «قېرى قىز» دېگەن ئاتاققا قويدى. ئەمدى ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك يۈرگىنىنى ... مۇز تەلەت، تاش يۈرەك، ئاۋۇيخور . . .»

ئۇ تازا تىللاپ، ئىچ قارىتىنى بوشىتىۋالغاندىن كېيىن ئاپىسىنى تىللىغىنىغا پۇشايمان قىلاتتى، ئاپىسىغا ئىچ ئاغرىتاتتى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئاپا - دە!

ئەمەلىيەتتە، ھاۋاخانمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە غەمگە پاتماقتا ئىدى. ئۇ «شەھەرلىق» دەپ يېقىن يولاتمىغان ئوغۇللار ئەمدىلىكتە ئىككى - ئۈچ بالىغا ئاتا بولۇپ قالدى. «كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق» دېگەندەك، بەزىسى تېخى مەھەللىگە باش بولۇپمۇ كەتتى. «شەھەرلىق» لارنىڭ ھېچبىرىسى قوغلاپ يېتەلمىگەن ئەتىۋارلىق بۇ قىزغا شەھەرلىك ئوغۇللار نېسىپ بولمىدى. ھالا بۇ كۈنلەرگە كەلگەندە، يېزىدا چوڭ بولغىنىغا قارىماي كەتمەن دەستىسىنى تۇتۇپ باقمىغان بۇ گۈزەل قىز «قېرى قىز» بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ يەنىلا چىرايلىق . . . ئەينى شەھەر قىزلىرىدەك. نېمە بولۇپ كەتسۇن، ئۇنى يېزىغا بېرىشكە بولمايتتى. ئۇ شەھەردىلا بەختىنى تېپىشى كېرەك ئىدى.

ھاۋاخان ھازىرغىچە مۇشۇنداق ئويلايتتى.

* * *

ئۇ يەنە خىيال سۈرگەن بولار ئىدى. لېكىن قورسىقىدا ئوڭ بېقىنىغا ئۇرۇلۇشقا باشلىغان بىر نەرسە ئۇنى سەگىتتى: بۇ ئۇرۇلۇش خۇددى قورساقتىكى كىچىك بالىنىڭ ئانىسىنى تەپكىنىگە ئوخشايتتى . . . شۇنداق، ئۇ - بالا ئىدى: ئۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشقا ئالدىراۋاتقاندەك جان - جەھلى بىلەن مىدىرلاۋاتاتتى. سانىيە ئوڭ بېقىنىنى ئەلەم بىلەن بېسىپ قويۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي يەنە يىغلاپ كەتتى. سىرتتىن ئاڭلانغان ھېلىقى تونۇش ناخشا بىردىن ئۆزگىرىپ، تەمبۇر تارىسىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلىرىغا، دەردمەن كىشىلەرنىڭ ھەسرەتلىك ئىڭرىقلىرىغا، ھازىدار ئادەملەرنىڭ ئەلەملىك

يىغىسىغا ئوخشاش دەرھال تەسىر قىلىپ ئۇنى تىنجىتىپ قويدى. دۇنياغا تېخى كۆز ئاچمىغان بۇ جانمۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسكە سالىدىغان لىرىكىلىك ئاھاڭنى ئاڭلىغاندەك توساتتىنلا جىمىپ قالدى.

ناخشا شۇ قەدەر يېقىملىق، شۇ قەدەر تەسىرلىك ئىدى. بۇ ناخشا خۇددى بىر ئەسلىمىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا خىيالچان كېچىلەرنىڭ يېقىملىق ئوبرازىنى سىزماقتا ئىدى...

سانىيە سۇلتاننى خىيال قىلىپ ئۇخلىيالماي ياتقان بىر كېچىسى ئۇ ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە «گۈپ» قىلىپ بىر نەرسە چۈشتى. سانىيە چۆچۈپ كەتتى... ئارقىدىن يەنە بىرسى چۈشتى. ئۇ بىھەدى چۈشەندى. ئۇ — چالما ئەركەكلەرنىڭ سىرتقا چىللاش بەلگىسى. سانىيە ئۇنى خىيالىمۇ كەلتۈرمەي يېتىۋەردى. لېكىن تۇيۇقسىزلا ئاڭلانغان بىر ناخشا ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. بۇ ناخشا «دۆڭ مەھەللە»دە باشلانغان، ئۇنى سېغىندۇرغان، ئازابقا سالغان ناخشا ئىدى...

ئۇ بىر نەچچە قېتىم ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈردى-يۇ، يەنە جىممىدە يېتىۋالدى. ناخشا شۇنچىلىك تەسىرلىك ئېيتىلىۋاتاتتىكى، ئۇنىڭ قەلبىنى داۋالغۇتۇپ، غايىۋى مۇھەببەت دۇنياسىغا باشلاپ كېتىۋاتاتتى؛ كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن ئۇنى سىرتقا تارتىۋاتاتتى... ئۇ ئۆزىنى شۇنچە تىزگىنلەپ باقسىمۇ، لېكىن ئويغانغان قەلبى ئۇنى تىنجىتمايتتى. ئۇنىڭ جىسمى بىلەن روھى ئوتتۇرىسىدا خېلى ئۇزاق كۈرەش بولدى. ئاخىرقى ھېسابتا روھى غالىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، سىرتقا — ناخشا ئاڭلانغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى...

شۇندىن كېيىنلا، ھەر كېچىسى دېگۈدەك سانىيەنىڭ ئۆگزىسىگە چالما چۈشۈپ تۇردى. ناخشىمۇ يېڭى - يېڭى ئاھاڭلاردا ئېيتىلىپ تۇردى. شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە سۇلتان:

— بۈگۈنلا يىراققا قېچىپ كېتەيلى سانىيە، — دېدى. بەستلىك كەلگەن بۇ سەھرا يىگىتى ئىشنىڭ ئاخىرىنى مۆلچەرلەپ بولغاندەك قىلاتتى.

— ياق، قاچمايمەن، — دېدى سانىيە بوش ۋە تولىمۇ تىترەك ئاۋازدا.

— ئاپلا...

سۇلتاننىڭ خېلى جىق سۆزلىرى بولسا كېرەك، سانىيەنىڭ بىر يوللا رەت قىلىشىغا ئۇچراپ جىمىپ قالدى...

سانىيە شۇلارنى ئويلاپ لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى. ئۇ، ئىشنى خاتا مۆلچەرلىگەن ئىدى. مانا بۈگۈن يەنە شۇ ناخشا... ياق، ئۇ ھەممىدىن قۇتۇلىدۇ، ئۆزىنى كەمسىتكەنلەرگە بۇ دۇنيانى تاشلاپ بېرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بويىدا قالغانلىقىنى ئاپىسى تېخى ئاخشاملا بىلىپ قالدى. ئۇزۇنغا قالماي مەھەللىدىكى «ئۇزۇن قۇلاقلار»مۇ بىلىپ قالىدۇ. ئەمدى ياشىغاندىن كۆرە...

ئۇ، ئاپىسىنىڭ قاتتىق كېيىگىنە، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۆلۈم بىلەن جاۋاب قايتۇرماقچى بولدى. «ئۆزۈمنى ئۆستەڭگە تاشلاي... يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ئۆستەڭگە...» لېكىن ئۇنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلىرىنى ئەسكە سالىدىغان ناخشىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېيتىلىپ، ئۇنى بىردەم... يەنە بىردەم تۇرۇپ ئاڭلاشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئاھ، ناخشا. ئۇ مۇشۇ ناخشىنى ئاڭلاپ تالاي كېچىلەرنى شېرىن خىياللار بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن ئەمەسمىدى؟ مۇشۇ ناخشىلار ئۇنىڭ قەلبىنى ئويغىتىپ، ھايات گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرغان ئەمەسمىدى؟... «خوش، سۇلتان». ئۇ، ئاۋازىنىڭ ئۈنلۈك چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي، ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈردى. ناخشا توختىماي ئېيتىلىۋاتاتتى:

ئىشقى ئوتىدا سەرگەردان بولۇپ،
كۆلدەك چىرايىم سولسا مەيلىمۇ؟

. . . . . . . . . . . . . . . .

ناخشا ئېيتىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە،

سانىيە بىردىنلا خاپا بولۇپ قالدى. «مانا كىچىنى كۆرۈڭلار، - دېدى ئۇ تەسلىكتە، - شۇنداق قىلىپ تۇرسامۇ يەنە سەرگەردان بولۇپ كېتىدىغان قانداق كۆڭۈل ئۇ؟ مەن نەچچە كۈندىن ئېرى يېنىغا چىقماي يېتىۋالغاندەك... مېنى بىر بالىغا ئانا قىلىپ قويۇپمۇ، تەپتارتماي ئېيتقان ناخشىسىنى، ھۆ ئەبىگاقارا پاتاڭ. مەن نېمە ئويدا، سەن نېمە كويدا... تاڭ ئاتقىچە كاركىراپ تۇرۇۋەر، يېنىڭغا چىقىلى چولام يوق...» ئۇ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى قاماللاپ تام تەرەپكە قاراپ يەنە يېتىۋالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ھېلى دېگەن گېپىنى ئويلاپ سەل خىجىل بولۇپ قالدى. «ھېلى ئۇنى قاراپاتاڭ دېدىمما؟ ھە راست، شۇنداق دەپتىمەن... ئۇنداقتا، قاراپاتاڭنىڭ كەينىدىن نېمىشقا يۈگۈردۈم؟ ياق، ئۇ قاراپاتاڭ ئەمەس...»

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تۇرغىنىدا، ئۇ ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە «گۈپ» قىلىپ بىر چالما چۈشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى سۇلغۇن سوقۇشتىن ئۆزگىرىپ، جەڭگىۋار رېتىمگە كىردى... ئارقا - ئارقىدىن يەنە بىر نەچچە تال چالما چۈشتى. سانىيە ئەمدى ئۇنىڭغا يەنە ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. «ھازىر نەۋاق بولدى، شۇ چاقىچە مېنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ بىچارە سۇلتان». شۇ تاپتا سانىيەنىڭ كاللىسىدىكى ئۆلۈۋېلىش خىيالى قاياقىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ناخشا باشقا بىر ئاھاڭدا باشلاندى. بۇ ناخشا ئۇنىڭغا سۇلتان بىلەن تۇنجى قېتىم مۇڭداشقان كېچىنى ئەسكە سالدى. ئۇ لەززەتلىك بىر تۇيغۇغا چۆمگەندەك بولدى. ئويان - بۇيان ئۆرۈلدى، ئاخىرى ئۇ تاقەت قىلالمىدى ۋە ئىسسىنى يىغىپ يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

× × ×

— ئەمدى بۇ بوزۇقنىڭ تويىنى قىلىپ بېرىپلا قۇتۇلىلى، ئەر بولغان بىلەن سىلىنىڭ تۇرۇشلىرى شۇكەن، ھەممە گەپ ماڭا ئۆتكەن...

— ھىم، مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا شۇنى دېگەن ئەمەسمۇ خوتۇن. «ئەمدى كەينىگە تارتماڭلا، سىلى تېپىشىپ تۇرۇۋېلىپمۇ قىزدەك قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بولغاندىكەن، ئەشۇ سۇلتانجانغا بېرەيلى» دېسەم، شەھەرگە بەرسەم بولاتتى... دېدىڭلا، ھىم، شەھەرگە تويدۇڭلارمۇ ئەمدى؟ سەھرالىقلارنىڭ نەرى يامان، سىلىمۇ تۇغما سەھرالىققۇ؟ گەپ قىلسام ئۆزۈڭلىنىڭكىنى راست دەيسىلە. ھېلىمۇ كېچىدە تۇردەمەن: ئۇنى سۇلتانجانغا بېرەيلى.

— ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت، يۈزۈمنى يوق قىلىدىغان بولدى ئەمەسمۇ ئەرگە تەگكىسى كېلىپ كەتكەن بۇ پاسكىنا.

سانىيە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. تاڭ ئاللىقاچان يورۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، بايا ئاڭلىغانلىرىنى چۈشۈمىكەن دەپ ئويلاپ قالدى ۋە ئۆزىدىن رەنجىدى. «ئاپلا، مۇشۇ كەنگىچە چۈش كۆرۈپ ياتقىنىمنى. ئاخشام سۇلتان: تاڭ ئاتماستا مەھەللىدىن چىقىپ بولىمىز دېسە، دادامنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالاي، تاڭ سەھەردە قاچسامۇ بولىدۇ، دەپتىمەن. ئەمدى ئۆيدىن چىققىلى بولامدۇ نېمە؟»

ئۇ ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىدى.

— سانىي، ھەي سانىي، قوپە بوزۇق! كۈن نىكەم بولدى؟!

ئۇ، ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى.
سانىيە ئىتتىك تالاغا چىقتى.

— نېمە دەيسىز ئاپا؟

— يەنە نېمە دېمەكچىدىم؟ سېنى ئەرگە بېرەيلى دەۋاتىمەن، ئەرگە! بۈگۈن كەچكىچە نەددىن بولسا سۇلتان دېگەن قاراپاتاڭ ئىزدىتىپ قۇنى تېپىپ «توي قىلىلى» دېگەن. سەندەك ئادەم ئەسكىسىنى پاتراق مۇرادىڭغا يەتكۈزەيلى.

سانىيە ھەيران قالدى. بۇ نېمىسىگەپ؟ مۇشۇ گەپ ئاپىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققانمىدۇ.

(ئاخىرى 23 - بەتتە)




## تەتۈر تۇيغۇلار

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

### مىجەز ئەندىزى

ئۆز يولىغا ئۆزى قۇردى،
توساق - چىتلارنى.
تىلغا ئالماي نومۇس كۈچىدىن،
سەمرىتىدۇ پىتلارنى.
پەسلىك ئۈچۈن سەۋول قىلىپ،
تاللىشىدۇ ئىتلارنى.
ۋە لېكىن —
گۆش سېلىپ بېرىپ باقىدۇ ئۆزى...
مانا بۇ—
ئىنسان مىجەزىنىڭ بىر تەبىئىي ئەندىزى

### بېلىقنىڭ كۆزى

يارالغانىدۇ،
يەمچۈكىنىلا كۆرۈشكە كۆزى؟!
دەل شۇ سەۋەبتىن
ئىلىنىدۇ قارماققا ئۆزى.
قىزىق تېخىمۇ،
ئۆزى كېلىپ ئىلىنسا بېلىق،
ئىنسانلارنىڭ
«بېلىق تۇتتۇم...» دېگەن شۇ سۆزى.

### بىر سېۋەت غورا

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

غادىيىمەن دەپ ئۈگدىسىغا چۈشتى، ئېگىلىمەن دەپ ئەۋرەزگە چۈشتى.

* * *

باغۋەنىنىڭ بېغىدا مەي باغلىغان شاپتۇل ئەڭ ئالدى بىلەن ئوغرىنىڭ كېلىشىنى غەمدىقلايدۇ.

* * *

ياخشىلىق ئالدىدا خۇددى يوقاتقان ئادەمنى يامانىنىڭ مۇشتى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ.

* * *

تالاشتا قالغان شۆھرەت لوڭقىسى ئوۋئايلا چېقىلىپ كېتىدۇ.

* * *

كائىناتنى ساندۇققا قاچىلاش قولۇڭدىن كەلسە، ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنىمۇ قېلىپقا چۈشۈرەلەيسەن.

* * *

لەگلەك كۆككە ھەر قانچە ئۆرلىسىمۇ، تۇمشۇقىدىن ئىلىنغان يىپتىن ئايرىلالمايدۇ.

* * *

ھەسەل بېرىشنى بىلمىدىغان ھەرە چېقىشنىمۇ بىلىدۇ.

## چۈچۈك مېۋىلەر

ئەنۋەر تاشتۆمۈر

ھاياتتا بەختلىك ياشىمەن دېسەڭ گۈزەللىك ئىزدىمەي خۇشلۇق ئىزدە. سېنى خۇش قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسى گۈزەل، ۋەھالەنكى گۈزەللىكنىڭ ھەممىسى خۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ.

* * *

ھاياتنىڭ ئۆزى ئاخىرى يوق ئۇزۇن بىر چۈش بولسا كېرەك. چۈش ئادەمنىڭ رايىغا

باقمايدۇ، ھاياتىمۇ كۆپ ھاللاردا شۇنداق.
شۇڭا، ئادەملەر ئىسلىمىلەرگە ناھايىتى باي
كېلىدۇ... چۈشىدە كۆرگەن نەرسە ئومۇمەن رېئال-
لىققا خاس ئەمەس، رېئاللىقتا بولغان نەرسە چۈشى-
دىكىدەك گۈزەل ئەمەس... بۇ، ئادەملەرنىڭ
مەڭگۈلۈك سەۋدالىقى! ئادەملەر بۇ خىل سەۋ-
دالىقتا دىلكەش بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر.

* * *

رېئاللىققا ئۆزىنى مۇتلەق مەنسۇپ قى-
لىۋەتكەن ئادەم ئاسانلا چۈشكۈنلىشىپ قال-
دۇ، شۇڭا، ئادەم رېئاللىقتا مۆئەييەن بىر
ئۈمىد، ئېتىقاد بىلەن ياشىشى كېرەك.

* * *

مەن تۇرمۇشتا ئويۇن - تاماشىغا سەل
قارىمايمەن. چۈنكى ئويۇن - تاماشا بىلەن
روھنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرمىسا، ئادەم ئاسانلا
چۈشكۈنلىشىپ قالىدۇ، نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەت-
لەردىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئويۇن-
تاماشىسىز تۇرمۇش ئادەم ئۈچۈن بىر ئازاب.
ئەلۋەتتە، بۇنداق ئازاب ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۇ-
نىڭ ئىلھامى بىلەن نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەت
قازانغىلى بولىدۇ، ئەمما ئۇ ئۇزۇنغا بارمايلا
ئادەمنى ئىچ - تېشىدىن تۈگەشتۈرىدۇ.

* * *

ئىنسان روھى ئۆزگىرىشچان، ھەرىكەت-
چان ۋە تەسىرچان سىستېما. ئۇ تەسىر قوبۇل
قىلىش بىلەن تەسىر كۆرسىتىش ئوتتۇرىسىدا
ئۆزىنىڭ ھەرىكەتچان پائالىيىتىنى داۋام
ئەتتۈرىدۇ. روھنىڭ رېئاللىق بىلەن ئۈزۈل-
مەس سۆھبىتى ئەنە شۇ ھەرىكەت بىلەن تەڭ
باشلىنىدۇ. بىر ئادەم ئۆز روھىنى ئۆزى
بىلەن بىرگە مۆئەييەن بىر بېكىنمە مۇھىت
ئىچىگە چۈشەپ قويسا، روھنىڭ تەسىرلەر
ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكىتى، سۆھبىتى تەدرى-
جىي ئاجىزلاپ، ئاخىرى كەينىگە يېنىپ توخ-
تايدۇ. بۇنداق توختاش باسقۇچىدىكى ئادەم-
لەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى بالىلاردىن تېپىۋېلىش
مۇمكىن.

* * *

كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىدۇ، يەنە يېتىپ كې-
لىدۇ. ۋەھالەنكى، تۇرمۇشتا يوقاتقان،
بەدەل بەرگەن نەرسىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈر-
گىلى، قايتا تېپىۋالغىلى بولمايدۇ. بۇ، بىر
ھەقىقەت! بەختسىز ئادەملەرنىڭ كۆز ياشلىرى
ئەنە شۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمىگەنلىكتىن تۆ-
كۈلگەن...

* * *

ياخشى ئاتاقنىڭ ھۆرمىتى بولمىسا،
ئۇنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن يۈك بىل!

* * *

ئارمانغا تولغان كۆزلەر رېئاللىقتىن
يۇلقۇنسا، دەرمانغا بولغان قەدەملەر رېئاللىققا
قايتىپ كېلىدۇ. ئادەم مۇشۇ ئوتتۇرلۇقتا
قايتا تۇغۇلىدۇ.

---

(بېشى 21 - بەتتە)

ئۇ، نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بولۇپ
تۇرۇۋاتسىمۇ، ئاپسىنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەت-
كىنىنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى.
«-تۇۋا... - دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، - مۇشۇنداق
بولارنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن... ئادەمنى
يەرگە قاراتقىچە بۇرۇنراق ئۇنىغان بولسا...»
ئۇنىڭ پەقەتلا پۇخادىن چىققىچە ياش تۆك-
كىسى، ئاپسىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى سۇلتانغا
ئۈنلۈك ئاۋازدا جاكارلىغۇسى كېلەتتى. بۇ
ھەقىقەتەن زور بەخت، ئۇنىڭ نەزەرىدە يىراققا
قاچىمىغىچە ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان
بەخت ئىدى، ئۇ، كۈتكىنىگە ئاخىرى ئېرىشتى،
لېكىن باشقىچە يول بىلەن... بۇ يولدىن
تاپقىنىمۇ باشقىچە بەخت - تېگىرقاشتىن تۆ-
رەلگەن بەخت بولدى. ئۇ، لېۋىنى يېنىك
چىشلەپ چىرايىغا يېقىملىق تەبەسسۇم يۈ-
گۈرتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى
بىلەن سىرتقا — سۇلتان بىلەن كېلىشىپ
قويغان مەنزىلگە قاراپ يۈگۈردى. دەل شۇ
تەرەپتىن، ئۇنى خاپىلىق ئارقىلىق خۇشاللىق-
قا ئېرىشتۈرگەن ئاخشامقى ئاشۇ مۇڭلۇق ناخ-
شىلار يەنە ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.





# كۈتۈش

(ھېكايە)

**مەھمۇت سىدىق**

قىيىنالغاندا چەكسىز قايغۇ-ئازابتا،
ئاڭلاپ تۇردۇم سېنىڭ شېرىن ئۈنۈڭنى.
مەشئۇم خىيال تۇتقان چاغدا قىيىناقتا،
چۈشلىرىمدە كۆردۈم ئوماق يۈزۈڭنى.
— پۇشكىن

1

كۈن ئولتۇرۇشى بىلەنلا تەكلىماكان چۆلىنىڭ شەرقىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بۇ چەت ماكاندىكى كۆيدۈرگۈچى ئاپتاپ ئاخىرلاشتى ۋە بىر خىل قىزىق، قۇرغاق ھاۋا ئۆيلەرگە ئېتىلىپ كىرىپ، تىنجىق، بۇرۇقتۇملۇق ياز ئاخشىمى باشلاندى.

ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، دىمىق ھاۋادىن دەپسى بوغۇلغان ئادەملەر كەچلىك تاماقنى زورۇقۇش ئىچىدە يەپ بولۇپلا ئۆز ھويلىلىرى ئالدىدىكى ئېرىق ئەتراپىغا سېلىنغان پاكار مەجنۇنتاللار ئاستىغا چىقىشتى. بالىلار ھەر كۈنى ئويناپ قانمايدىغان ئويۇنلىرىنى يەنە باشلىدى. ئايالار بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ، پاشا- كۆمۈتلەرنى قورۇغاچ ئائىلە ئىشلىرى، قايسى بىرىنىڭ كىيىمىنىڭ

پاسونى، پالا پاقىچىلىرىنىڭ ئەسكىلىكلىرى دېگەندەك ئىشلار ئۈستىدە پاراڭغا چۈشتى. ئەرلەرمۇ كۈندىلىك ئادىتى بويىچە قارت، شاھمات ئويناپ زېرىككەندىن كېيىن، تۈرلۈك ئەپقاچتى پاراڭلارغا بەنت بولدى.

ساۋۇت باش- كۆزىدىن قويۇلۇۋاتقان تەرنى سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ، بايام ئوقۇغان ماقالىدىن بىر-ئىككى بەت خاتىرە يازار-يازمايلا تىنىقى يېتىشمەيۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ، خاتىرە ۋە ژۇرنالنى توپپۇشكا ئۈستىگە قويۇپ سىرتقا چىقتى. سۆزمەنلىكى، قىزىقچىلىقى بىلەن نامى چىققان قېرى دەرۋازىۋەننىڭ ئېغىزىغا قاراپ ئولتۇرغان ئەرلەر ئۇنىڭ قەدىمى ھويلا بوسۇغىسىنىڭ سىرتىغا ئېلىنىشى بىلەنلا چاقچاقنى باشلاشتى:

—ھە، كېلە ئاداش، قازناقتا مۆكۈۋالغانلاردىن سەنلا قالغان ئىدىڭ.

—يىلىكىڭگە ئىسسىق ئۆتكەن ئوخشايدۇ-ھە، بولمىسا سېنى تاسقاپمۇ تاپقىلى بولمايتتى بۇ يەردىن.

—قاراپ تۇرسەڭمۇ، ئاۋۇلار ئولتۇرغان يەرگە بارامتىڭ-يا.

—قورقىمدۇ.

—سەندەك ئەللامە بولۇپ چۈش كۆرگەن ئادەم ئۇنداق يەرگە بارمايدۇ-مە، ئىنى. ھى-ھى-ھى...

قېرى دەرۋازىۋەن خىرىلداپ كۈلگەچ ئۇنىڭغا كۆك قولاقنى بولۇشىچە ئارىلاشتۇرغان تاماكىسىدىن بىر ئورام تۇتتى. ساۋۇت ئادىتى بويىچە بۇ چاقچاقلارغا كۈلۈپلا قويۇپ تاماكا ئوراشقا باشلىدى. ئەمدى چاقچاقنىڭ تېمىسى تەبىئىي ھالدا بويتاقلىق ھەققىدىكى پاراڭغا كۆچتى.

—ئۆمرۈڭدە بىرلا كېلىدىغان بۇ ياشلىقنى خارلىساڭ ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ ئىنى. مەن سېنىڭدەك چاغلىرىمدا قېنىم قايناپ، يۈرىكىم چاپچىپ تۇراتتى. ئولتۇرغان يېرىمنىڭ توپىسىنىڭ ھەپتىگىچە قىزىقى كەتمەيتتى. ماڭسام، شامىلىم سىپاپ ئۆتكەن گۈل غۇنچىسىمۇ شۇئان ھۇپپىدە ئېچىلاتتى. بەدىنىم تېگىپ كەتسىمۇ قۇرۇق دەرەخكىمۇ سۇ يۈگۈرۈپ قايتا كۆكلەيتتى دېگىنە. ھى-ھى-ھى...

—ھە قېرى، ئاتا پوردىگىنى.

—بۇ دۇنيادا بوز يىگىتتەك پاك ئۆتۈپ، جەننەتنىڭ ھۆرلىرى بىلەن پەيزى قىلىسىز-ھە، ساۋۇتجان. ھى-ھى-ھى...

ساۋۇت تاماكىسىنى چېكىپ ئولتۇرۇۋەردى. ئۇ بۇنداق گەپلەرگە كۆنۈپ كەتكەن ئىدى.

—خەيرلىك ئا- دەرۋازىۋەن ئۇياق-بۇياقتىن چىقىۋاتقان ئۈزۈپ-تاشلاندى چاقچاقلارنى توختىتىپ ھەممەيلەننى كۆماك ئېغىزىغا قاراتتى،-مەن سىلەرگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي. بۇ ئىنىمىز ھېكايەمدىن تەسىرلىنىپ قالسا، ساقىلىغا ئاق كىرمەستە توي ئېشىغا ئېغىز تەگسەكمۇ ئەجەب ئەمەس.- ئۇ جىگدە ئۇرۇقىچىلىك قالغان تاماكىسىنى چىمداپ تۇرۇپ ئاخىرقى قېتىم كۈچەپ شورىغاندىن كېيىن ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ ھېكايىسىنى باشلىدى،- سىلەر شاھ-ئەشرەپ ئەۋلىيا دەپ ئاڭلىغان بولغىيدىڭلار-ھە. ئۇ كىشى ئويۇن-تاماشا بىلەن پەقەت چاتىقى يوق، تولىمۇ خىيالچان چوڭ ئىكەن. ھە شۇنداق، ساۋۇتجانغا ئوخشاش. گېپىمگە قوشۇق سالماڭلار. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلىغا كىشى قويۇپتۇ، ئۆزلىرىمۇ جىق دەپتۇ ئەمما ئۇنى ئۆيلىنىشكە ماقۇل كەلتۈرەلمەپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلەلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلى يېزىپ يۈرگەن «يار»، «نىگار»، «كۆيدۈم»، «پىشتىم»... دېگەندەك بىر نېمىلىرىنى ئوقۇپ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئېشىپتۇ، بېشى قېتىپتۇ. ئاخىرى«نېمە بولسا بولسۇن، ئاتا-ئانىلىق پەرزىنى ئادا قىلايلى»دەپ ئويلىشىپ ئوغلىنى مەجبۇرىي ھالدا ئۆيلەپ قويۇپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. مەشرەپ ئۇ قىزغا قاراپمۇ قويماپتۇ. يەنىلا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ۋەيرانە، يالىڭاياغ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە

بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپلەرگە كېتىۋېرىدىكەن. كۈنلەپ-ھەپتىلەپ ئۆيىگە كەلمەيدىكەن. ئايالى ئۇنى كۆرگەن ھامان تۈرلۈك ناز-خۇلقلارنى قىلىپ، يېلىنىپ، سۆيۈنۈپ يېقىلىپتۇ. ئەمما، بۇنىڭ ھېچبىر ئۈنۈمى بولماپتۇ. ئاخىرى ئۇ بىر قېتىم دەللىنى تېپىپتۇ-دە ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. دەللە ئۇنىڭغا تۈرلۈك مەسلىھەتلەرنى بېرىپتۇ. سۇنى ئوتقا، ئوتنى سۇغا ئايلاندۇرالايدىغان ھىيلە-مىكىرلەرنى ئۆگىتىپتۇ. بۇ چاغ دەل قەھرىتان قىش كۈنلىرى ئىكەن. مەشرەپنىڭ يالىڭاياغ يۈرۈپ يېرىلغان پۇتىغا قاراپ ئىچى ئاغرىغان بىر قاساپ ئۇنىڭغا پۇتىنى ياغلاشقا بىر ئاز قۇيرۇق ماي بېرىپتۇ. مەشرەپ ئۆيىگە كېلىپ مايىنى قاساپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر ياغاچنىڭ ئۇچىغا سانچىپتۇ-دە، يېلىنجاپ تۇرغان ئوتقا قاقلاپتۇ. شۇ ئاردا ئۇنىڭ ئايالى دەللىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يالىڭاچلىنىپ، ئوچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئوتنى تازا ئۇلغايتىشقا باشلاپتۇ. قاتتىق خىيالغا غەرق بولغان مەشرەپ مايىنىڭ ئېرىپ ئوتقا تېمىشى بىلەن چىققان پاژ-پۇژ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئۆزىگە كەپتۇ. ئايالى شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە، باشقىچە قىلىقلارنى قىلىشقا باشلاپتۇ. كۆز ئالدىدىكى بۇ غەلىتىلىكتىن ھەيران بولغان مەشرەپ بىردە چاك-چاك يېرىلغان تاپىنىغا، بىردە ئايالىنىڭ ھېلىقى يېرىگە قاراپ: «مېنىڭ بەك يېرىلغان ئوخشايدۇ دېسەم، سىزنىڭ...» دېگىنىچە قىزىق مايىنى ھېلىقى يەرگە...

قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ساۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قېرى دەرۋازىۋەن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان بۇ بەدىئى لەتىپە ئولتۇرغانلارنى ئۈچەيى ئۈزۈلگىدەك كۈلدۈردى. دېمەك ئەسسەق ئېلىپ كەلگەن بىئاراملىقنى ئۇنتۇلدۇرۇپ كۆڭۈلنى كۆتۈردى.

ساۋۇت دەرۋازا ئالدىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئىلگىرى تالاي قېتىم كەلگەن قېرى تېرەك ئاستىغا يەنە كەلدى. ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ ۋە بۇ قېرى تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا سىڭىپ كەتكەن تونۇش، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن پىچىرلىشىپ ئۇنى قارشى ئالدى.

ساۋۇت كىشىلەر ئېگىزدىكى توي قىلىش يېشىدىن ھالقىپ كەتكەن بويتاق. شۇڭا ئۇ، كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل قىلىۋېلىشنى نىيەت قىلىپ ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتكەن بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ، باشقا غەرىزى بولمىسىمۇ بىرەر باھانە بىلەن گەپ تېپىشىپ كۈلكە پەيدا قىلىش ئارقىلىق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان خىزمەتداشلىرىنىڭ، ھەر خىل بىشارەت، ئىسسىقچىلىق قىلىپ، قاش-كۆزلىرىنى سۈزۈپ يۈرۈيدىغان قىز-چوكانلارنىڭ كۈلكە-چاقچاق ئوبيېكتى بولسا، ھايات ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈپەيلى ئىچى پۇشقان، سىقىلغان، مۇڭلانغان، زارلانغان، ئىزدەنگەن قەلبلەرنىڭ تەسەللى بەرگۈچىسى، مەسلىھەتچىسى، قەلبداش دوستى.

ئىدارە مەسئۇللىرىمۇ ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە، تىرىشچانلىقىغا قايىل. لېكىن ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق تارازىسى بەخش ئەتكەن پاكلىق، مۇكەممەللىك چۈشەنچىسى بويىچە، كۆزگە كۆرۈنمەس مۇناسىۋەت-مۇئامىلىلەردىن بەھرىمەن بولىدىغان، ھەر خىل ئىمتىيازلارنىڭ ھامىيسى، شاپائەتچىسى بولغان «ئائىلە» دېگەن مۇقەددەس قورغاننىڭ ئىچىگە تېخى كىرمىگەچكە، مانا ئۇ شۇنداق كۈلكە-چاقچاق، گۇمان، پەرەزلەر يېغىپ تۇرىدىغان يالغۇزلۇق داۋىنىنىڭ غىرىدىلىق يولىدا ھايات سەپىرىنى داۋام ئەتمەكتە.

2

ساۋۇت قالدۇق تاماكىسىنى ئاخىرقى قېتىم شورىغاندىن كېيىن ئېرىققا تاشلىۋەتتى-دە،

ئاستا ئورنىدىن تۇردى. «... توك بولغان بولسا تېلېۋىزور كۆرەتتىم، بۇلارنىڭ زوۋانىمۇ بېسىقاتتى... بولدىلا، ئەنۋەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي». ئۇ، شۇلارنى ئويلىدى-دە، دوستى ئەنۋەرنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى.

بەختلىك بىر ئائىلىنىڭ خوجايىنى، ئوماققىنە بىر ئوغۇلنىڭ ئاتىسى بولغان ئەنۋەر ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئىككى دوست يېقىندىن بېرى كۆرگەن ماتېرىياللار، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ھەققىدە خېلى بىر ۋاقىتقىچە پاراڭلاشتى. قىزغىن سۆھبەتتىن روھى ئۇرغۇپ، ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرغان ساۋۇت ئۆزلىرىگە داستىخان راسلاپ، چاي قۇيۇۋاتقان ئايالىنىڭ خاراموش ئەسنەكلىرى بىلەن كېيپىنى توختىتىپ، دوستى بىلەن خوشلاشتى.

تۈن پەردىسى ئاللىقاچان تارتىلغان بولسىمۇ، ھاۋا يەنىلا دىمىق ئىدى.

مۇشۇنداق زېرىكىشلىك پەيتلەردە ئۇيقۇ ئادەمنى تەرك ئېتىدۇ. ھەي... شۇ تاپتا تالاي كىشىلەر، ئاتا-بالا، ئەر-ئاياللار... تۇرمۇشنىڭ لەززەت قاينىمىدا مۇراد قىرغاقلىرىغا قاراپ ئۈزۈۋاتىدىغاندۇ. بىراق بۇ يىگىتچۇ... ئۇ باش ئۈستىدىكى ئاينىڭ بۇلۇت قايناملىرى ئارىسىدا بىردە كۆرۈنۈپ، بىردە كۆرۈنمەي ئۈزۈپ كېتىۋاتقىنىغا ئوخشاش يېگانە ھالدا. ئۇ، ئوقۇش ھاياتىنى تاماملاپ، مۇستەقىل ھاياتقا قەدەم قويغاندىن بېرى ئىزدىنىش ۋە ئىز تىراپ ئىچىدە ئۆتكەن تالاي كۈن ۋە تۈنلىرىگە شاھىد بولغان ماكانىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

ساۋۇت ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئىدارە ئالدىغا كەلدى، دەرۋازا تاقالغان ئىدى.

— ماگە!

— باشقا ۋاقىتتا بارايچۇ.

— بۇ ساراڭ قېرىغا يېلىنىپ قاچانغىچە تۇرىسەن، ماگە ناز قىلماي.

دەرۋازا ئالدىدا ئىككى ئادەم سۆزلىشىۋاتاتتى. ساۋۇت قىزنى تونىدى ۋە كۆز ئالدىدىكى بۇ ھالەتكە ئانچە ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى.

زامانغا لايىق مودىدا ياسىنىۋالغان بۇ قىز ساۋۇتنىڭ ياتىقىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ياتىقىدىن نام-شەرىپىنى بىلىپ بولمايدىغان قىز-يىگىتلەرنىڭ كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. جىمى مەۋجۇدات ئۇيقۇغا كەتكەن تۈن يېرىملىرىدىمۇ بېسىقمايدىغان تاراق-تۇرۇق، گۈلدۈر-گۈلۈپ، كۈلكە-چۇقان ئاۋازلىرى تۈپەيلى، تەسلىكتە كەلگەن ئۇيقۇسىنىڭ ھارام بولىدىغان ۋاقىتلىرى كۆپ ئىدى. ساۋۇت بۇنداق چاغلاردا ئۇنى ئىچىدە مىڭنى تىللايتتى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولاتتى.

ناتونۇش يىگىت ساۋۇتنى كۆرۈپ دەرۋازا ئالدىدىن يىراقلىدى. قىز بولسا ھايات-ماماتى پەيتىدە ھىمايىچىگە ئېرىشكەن بىچارىدەك ساۋۇتقا يېقىنلاشتى. ساۋۇت دەرۋازىنى بىر ھازا ئۇرغاندىن كېيىن قېرى دەرۋازىۋەن غوتۇلدىغىنىچە دەرۋازا تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى.

— ھە، نەگە باردىڭ لالما! ھەر كېچىسى...

دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەن تەڭ غەزەپلىك، ھاقارەتلىك سۆزلەر جىمىدى. قېرى دەرۋازىۋەن ساۋۇت ۋە ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دېگۈدەك تۇرۇۋالغان قىزغا قاراپ كۆزلىرى پارقىراپ، جاۋغىيىغا كۈلكە ياماشتى:

— مۇنداقمۇ ئىشىم بار دەڭە، ساۋۇتجان. ھى-ھى-ھى...

ساۋۇت دەرۋازىۋەنگە بىر نېمە دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن مۇۋاپىق گەپ تاپالمىدى. قىز ئۇنىڭغا سوگدىشىپ دەرۋازا ئىچىگە ئۆزىنى ئېلىشى بىلەن كىچىك ئىشىك قايتا تاقالدى.

— ھوي ئىنى تېز بول، قويرۇقھاي تېپىۋال. بۇ چاتاق نېمە جۇمۇ...

قېرى دەرۋازىۋەن يەنە بىر نېمىلەرنى كاركىراپ تامىقىنى چاكىلداتقىنىچە دەرۋازا يېنىدىكى كىچىككىنە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئەپتىدىن شىر كەيىپ ئىنكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان قىز ساۋۇتقا ياندىشىپ خىرامان ھالەتتە كېلىۋاتاتتى. ساۋۇتنىڭ يۈزى ئوت ئالغاندەك بولدى. يۈگۈردىگىسى كەلدى. ئەمما يەنە نېمە ئۈچۈندۇر قىزدىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى. بەستىدىن بەردەم يىگىتلەرگە خاس كۈچ-قۇۋۋەت، ئويچان، ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ھەر قانداق قەلب قەلئەسىنىڭ سىرلىق دەرۋازىلىرىنى بىمالال ئېچىپ كىرىپ، مۇراد سارايلىرىنىڭ بەخت تۈشەكلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالالايدىغان نۇر، ھەرىكىتىدىن بىر خىل نومۇسچانلىق، كەمسۆزلۈك، ھاكاۋۇرلۇق چىقىپ تۇرغان بۇيىگىتنىڭ ھازىرقى رايىشلىقى قىزنى ئۈمىدلەندۈرگەن بولسا كېرەك، بالەكلىرىنى يىگىتنىڭ ئۈستىخىنىغا چاپلاپ، ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ دېگۈدەك بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. يىگىتكە ئۇنىڭ ئاۋازى ئىلگىرىكىدەك يېقىمسىز، توڭ، زېرىكەرلىك ئەمەس، بەلكى تولىمۇ سىيلىق، تاتلىق ۋە سېھىرلىك بىلىندى. قىزنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان قاڭسىق پۇراق تەر ۋە ئەتىر ھىدى قوشۇلۇپ ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى غىدىقلاشقا باشلىدى.

يۈرىكىنى ئىسسىققىنە بىر قول ئاستا سىيلىغاندەك تاتلىق بىر سېزىم ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. پۈتۈن جىسمى ئېرىدى. ئۇ قاچاندۇر... بەلكىم چۈشىدە بولسا كېرەك، ئەنە شۇنداق بىر مەنزىرىنى كۆرگەن. خىياللار بۆشۈكىدە تەۋرىنىپ، كىمنىدۇر ئىللىق، ئوتلۇق ھارارەت ئىچىدە باغرىغا باسقان... لېكىن ئۇ ھازىرقىدەك ئىزتىراپ، قورۇنۇش ئىچىدە ھاياجانلانمىغان ئىدى.

ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىمىلداپ، قىزىق قانلىرى قىياندەك شاۋقۇن سېلىپ ئېقىشقا، ھەر بىر نېرىپ، قان تومۇرلىرى لوقۇلداپ سېلىشقا، ۋۇجۇدى چاقماق كەبى يېنىشقا باشلىدى. ئۇزۇن تۈنلەرنى تەنھالىق، ئۈمىدسىزلىق، قىينىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن يىگىتلىك ھېسسىياتى قايتا غەلىيان كۆتۈردى. شۇ تاپتا ۋۇجۇدىدىن تاراپلا كەتسە پۈتكۈل كائىناتنى قىزدۇرۇۋېتىدىغان بىر ئوت، ئىلگىرى كۆڭلىدە خىيال قىلىۋېتىپمۇ خىجىل بولغان بىر سۆزنى قارشى تەرەپكە دېيىشكە قىستىماقتا.

يۈندا، كىر سۈيى تۆكۈلۈپ پاتقاقلىشىپ كەتكەن يولدا ئۈستىگە تۈگمەن تېشى ئارتىلغاندەك تولىمۇ ئېغىر قەدەملەر بىلەن چامداۋاتقان ئىككى كەۋدە ئاخىرى ئاچالغا يېقىنلاپ قالدى. ساۋۇت ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدى. قىز ئۆزىنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىدىغان بىرەر قىيىن سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلىشكە ئىنتىزار بولغان كىشىدەك قىياپەتتە يىگىتكە تەلمۈرۈپ قارىدى. يىگىت بولسا، ئۆزىنىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئايغا قارىۋالدى. ئاخىرى قىز تولىمۇ ئاستا، ئاجىز، سىيلىق قەدەملەر بىلەن كۆز قارىچۇقلىرىنى ئارقىغا كۈچەپ بۇرىدىغان ھالدا كېتىپ قالدى. يىگىت بىرچاغدا ئۆزىگە كېلىپ ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلىدى:

—مۇشۇنداق پەيتتە قايسىبىر ئوغۇل بالا مېنىڭدەك قاراپ تۇرار؟ ئۇ مېنى نېمىدەپ ئويلىغاندۇ...

ساۋۇت كوچا ئېغىزىدا خېلىغىچە تۇرۇپ ئاندىن ياتىقىغا كىردى. كارىۋىتىغا كېلىپ نېمە قىلىشنى بىلمەي جىمىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ئىلگىرى خىياللىرى، قەدەملىرى، يىگىتلىك ھېسسىياتى ئۆزىگە بويسۇنمىغان چاغلاردا تالاي قېتىم تەكرارلىغان، ئۆزىنى تېزگىنلىگەن بىر سۆزنى يەنە قايتا تەكرارلىدى:

—ئۆزىنى تۇتالماسلىق ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئاجىزلىقى.

لېكىن ئۇنىڭغا بۇ سۆز ھازىر مەنىسىز ۋە مەززىسىز بىلىندى. تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. شۇ تاپتا ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. ياتاق ئىچىدىكى سۈكۈناتتىن ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىپ، كۆڭلى بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئارقا تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاياغ

تېۋىشىنى تىڭشاشقا، قىزنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرى مېڭىسى ئۇيۇپ پۈتۈن سەزگۈسى قۇلىقىغا يىغىلدى. مىدىر - سىدىر قىلماي، نەپەس ئالماي، پۈتۈن دىققىتى بىلەن بۇ ئاۋازلارغا بېرىلىپ كەتتى... قىز ئۇنىڭ ياتىقى تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى... ئىشىكتە ۋىجىككىنە بىر گەۋدە... قۇندۇز چاچلىرى سۈزۈك مەڭزىنى بويلاپ مۈرىسىگە تاشلانغان، كۆزلىرىدىن مەستانىلىق، خاتىرجەملىك، بەخت، لەززەت تۇيغۇسى پارلاپ تۇرغان مامۇقتەك يۇمشاق بەدەن... ئۇنىڭغا قاراپ، ئاپپاق بىلەكلىرىنى يېيىپ... ئاستا يېقىنلاپ كەلدى... يۇمشاق قوللار ئۇنىڭ چېھرىنى سىلىدى... شۇئان ئۇنىڭ جۇشقۇن يۈرىكى لەرزىگە كەلدى. ئۇمۇ جاۋابەن ئۇزۇن، ئۇتلۇق بارماقلىرى بىلەن قىزنىڭ شامالدەك يەڭىللىق، پاختىدەك يۇمشاق قولىنى تۇتماقچى بولدى...

ساۋۇت بارماقلىرىنىڭ يۈزىنى قاماللىشىدىن چۆچۈپ كەتتى. يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئەندىكىپ، سىنچىلاپ قارىدى. نە تېۋىش، نە پۇراق بولمىغانلىقىغا ئەجەبلىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ شام ياقتى ۋە ياتاق ئالدىغا چىقىپ باشقا ئاياغ ئىزىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، چېكىسىگە شاپىلاقلاپ قويۇپ، ئۇلۇغ-كىچىك تىنغىنىچە ياتاققا قايتىپ كىردى. يۈز يۇيىدىغان داسنى ئېلىپ چىقىپ تۇرۇبىنىڭ ئاستىغا كېلىپ بېشىغا سۇ قۇيۇشقا باشلىدى. يان تەرەپتىكى ھويلىدا ياتقان ئەر - ئايال شارقىرىغان ئاۋازدىن ئويغىنىپ كېتىشتى. بىر نېمىلەرنى پىچىرلىشىپ، پىخىلداپ كۈلۈشتى...

3

سۇنىڭ كۈچى بىلەن مېڭىسى سەگىپ بىر ئاز تىنچلانغان ساۋۇت يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمانغا قاراپ تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى - دە، ياتاققا قايتىپ كىردى. ئۇ، تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ قاتتىق جىددىيلەشكەنلىكىنى، ئايلاپ قىلغان ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە بەرداشلىق بەرگەن جىسمىنىڭ ھازىر قوغۇشۇندەك ئېغىرلاشقان ۋە تالغانلىقىنى؛ تۈنلەپ ماتېرىيال كۆرگەن، پىكىر يۈرگۈزگەندىمۇ ئوچۇق تۇرغان زېھنىنىڭ قاتتىق چارچىغانلىقى ۋە ماللىمانلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى دەرمانسىز ھالدا كۆرپىگە تاشلىدى. «مەن نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىمەن. ئەجەبا، مېنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى، مەسخىرە ۋە بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىپ كۈتكەن كۈنلىرىم مۇشۇمىدى؟...» ئۇ مانا مۇشۇنداق خىياللار بىلەن ئوڭ - سولغا ئۆرۈلۈپ بىردەم ياتقاندىن كېيىن ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى تامغا ئېسىپ قويۇلغان ئالقانچىلىك بىر رەسىم جازىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە ئاستا، سىيلىق سۈرتۈشكە باشلىدى. كىچىككىنە رامكىدا ئىچىدىكى سۈرەت ئۇ، بۇ زېرىكىشلىك ماكانغا قەدەم قويغاندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئەسلىمە ۋە خىيال كەپتىرىنى ساماغا قويۇپ بېرەتتى - دە، ئۇنىڭ پەرۋازىدىن ئۆزىگە لەززەت، تەسەللىي تاپاتتى. بۇ سۈرەتنىڭ ئىگىسى بىلەن بىرگە ئۆتۈشكە ۋەدىلەشكەن، كەلگۈسىدىكى لەزىز ۋە مەنىلىك ھاياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ تاتلىق ھېسلارغا چۆمەتتى.

ئۇ يىراق ماكاندىكى سۆيگەن كىشىسىنى شۇ تاپتا لەرزان كۈيگە جور بولۇپ پىرقىراۋاتقان جۈپ - جۈپ ئادەملەر توپى ئارىسىدا، سۇس چىراغ نۇرى ئاستىدىكى ئايرىم خانىلاردا پىچىرلىشىۋاتقان... كۆرۈنۈشتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. لېكىن، ئۇ سۈرەتكە تېخىمۇ سىنچىلاپ قاراپ بۇ خىيالىغا ئاساس تاپالمىدى. ئەكسىچە ھىمىرلىگەن

لەۋلەر ئارىسىدىن: «ئاھ، ساۋۇت! مەن سىزنى سۆيىمەن، سىز بىلەن مەڭگۈلۈك بىرگە ئۆتىمەن» دېگەن ۋەدىلەر قايتا تەكرارلانغان، بۇ سۆزىگە هايا، نومۇس، پاكلىق ۋە سادىقلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئۇماق چېھرى گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان ھالەت نامايان بولدى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىر نەرسە تېگىپ خىيالىنى بۆلىۋەتتى. ئۇ چۆچۈپ ئەتراپىغا قارىدى. كۆرپە ئۈستىدە كۈلە چوڭلۇقىدىكى بىر تال تاش تۇراتتى. ساۋۇت ياتقىنىڭ ئارقا تېمىدىكى هاۋادانغا قاراپ قويۇپ تاشنى يەرگە تاشلىۋەتتى-دە، رەسىم جازىسىنى تامغا ئېلىپ قويدى. ئاندىن هاۋادانىنى يېپىۋېتىپ ياستۇقى ئاستىدىن ئالقانچىلىك بىر خاتىرىنى ئالدى. ئادىتى بويىچە كۈندىلىك خاتىرە يازماقچى بولۇپ، خاتىرىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدىن بىرىنى ئاچتى.

«قەدىرلىكىم، بۇ خاتىرە سىزگە مېنىڭ بۇ غېرىبلىق ماكانىمدا ۋىسال پەيتلىرىنى كۈتۈپ ياشاۋاتقان ھەر بىر كۈنۈم ۋە تۈنۈمدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ھەممىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇگۈن بىر كۈنلۈك خىزمىتىم ئالدىنقى كۈنلەردىكىگە ئوخشاش ئادەتتىكىچە ئۆتتى. تىلغا ئالغۇدەك يېڭى ئىشمۇ يوق. بىراق كەچ كىرگەندىن بېرى تولىمۇ بىئاراملىق ئىچىدە يۈردۈم. ئېسىمدە قېلىشىچە، فرانسىيە يازغۇچىسى زولا ئادەمنىڭ ئىككى خىل خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئادەمىيلىك خۇسۇسىيەت، يەنە بىرى، هايۋانىيلىق خۇسۇسىيەتتىن ئىبارەت. بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئالغاندا بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىرسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، دەپ قارايدىكەنمىش. مەن بۇ خىل قاراشنىڭ مەنىسىنى ئەمدىلا چۈشىنىۋاتىمەن. بىز بىر-بىرىمىزنى پاك قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە ئورتاق غايە بىلەن ياخشى كۆرۈشكەن. ئورتاق پىكىر ئاساسىدا رىشتىمىز چېتىلغان. ئەنە شۇنداق بولغاچقا، هازىر قانچىلىك يىراقلىقتا ئايرىلىپ تۇرمايلى، بىر-بىرىمىزگە ئىشىنىشىمىز زۆرۈر ئىكەن. مانا مۇشۇلا بىزنىڭ دىل رىشتىمىزنىڭ ئاساسى ئىكەن. مەن سىزگە ئىشىنىمەن، سىز ئىشەنگەن كىشىمۇ ھەر قانداق شارائىتتا ئۆز ۋىجدانى بىلەن بىر پاك قەلب ئىگىسى ئالدىدا ھەرگىز يەرگە قاراپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىي يىگىتلىكى، مۇھەببىتى ئەنە شۇ. بۇ سۆز ئۇنىڭ ئۆزىگە، سىزگە قىلغان خىتابى ۋە شەرتى ئىدى. بۈگۈن كەچتىن بېرى يۈز بەرگەن ئىشلارنى يازماقچىمەن...»

ساۋۇت خاتىرىسىنى ياستۇقى ئاستىغا تىقىپ قويدى. ۋاقىت تەڭ كېچىگە يېقىنلاشقان ئىدى. ئۇ كېرىلىپ تۇرۇپ بىر ئەسنىدى-دە، هويلا ئىشىكىنىڭ باياتىندىن بېرى ئوچۇق تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنى يېپىۋېتىپ كىرمەكچى بولۇپ ياتاق ئالدىغا چىقىپلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. يۈزىگە سوغاق سۇ چاچقاندەك ئەندىكىپ كەتتى.

— سىز؟

بۇ سۆز ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىشىغىلا ئالدىدا تۇرغان ۋىجىككىنە گەۋدە ئۇنىڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئېغىزىغا ئاپاردى ۋە يان تەرەپتىكى هويلىنى ئىشارەت قىلدى. ئاندىن سۈترەڭ ئاي نۇرىنى مەرمەردەك قوللىرى بىلەن كېسىپ ئالغا ئىنتىلىش بىلەن تەڭ بىر پاي ساپماكەش يەرگە «پالاقىدە» چۈشۈپ كەتتى.

# سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە ئاكتىپ ماسلىشىپ يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى جانلاندۇرايلى





مۇھەممەت ئىسمائىل

ئېلىمىزگە ئوخشاش چوڭ يېزا ئىگىلىكى دۆلىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېزىلار مۇقىم بولمىسا ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلمىسا، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى، ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مەمۇرىي بۇيرۇق، تەشۋىق قىلىش ۋە مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ تەربىيە ئېلىپ بېرىشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى ئاممىۋى مەدەنىيەت



ئورۇنلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئامما ياخشى كۆرىدىغان پائالىيەت شەكىللىرى ئارقىلىق دېھقان، چارۋىچىلارنى تەربىيىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشكەن سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى گۇرۇپپىلىرى ئامما ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزم ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئاممىنى ھەقىقىي بېيىش يولىغا يېتەكلەش، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. شۇڭا ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمەت گۇرۇپپىلىرىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتلىرىنى تەشكىللەپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش، ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش، مەخسۇس باشقۇرغۇچى كەسپىي خادىم بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر.

ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى كەسپىي خادىملارنىڭ ۋە ئامما ئارىسىدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي تايانچىلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، رولى ۋە ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. شۇنداقلا ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى ئەنئەنىۋى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭى مەزمۇن، يېڭى شەكىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشى ۋە ئۇنى ئاممىغا سىڭدۈرۈشى لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرى ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان نادانلىق، قالاقلىق، خوراپاتلىق، مەدەنىيەتسىزلىك، نامراتلىق ئىللەتلىرىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، تەربىيىلەش بىلەن ئاممىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روھىنى ئويغىتىپ ئۇلارنى تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش لازىم.

ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئادەم تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەر قانداق بىر ئويۇن پائالىيىتىدە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەزمۇن ۋە مەقسەت بولۇشى لازىم. ساغلام بولۇشنى تەلەپ قىلىشتىكى مەقسەتمۇ ئەنە شۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مول مەزمۇنلۇق سىنئالغۇ، كىنو فىلىملىرىنى قويۇپ كۆرسىتىش (پارتىيە تارىخى، پەن - تېخنىكا، پىلانلىق تۇغۇت ۋە تۇرمۇش ساۋاتلىرى، ئىسلاھاتقا دائىر تەشۋىقات فىلىملىرىنى ھەقسىز كۆرسىتىش) ئارقىلىق ئاممىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش لازىم. رادىئو ئۇزېللىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئۇلاپ ئاڭلىتىش بىلەنلا چەكلەنمەي، ئۆز ئورۇنلىرىدىكى ئىلغار تىپلارنى تەسىرات سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش لازىم. شۇنداقلا ئۇچۇر يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، رادىئونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك مەزمۇندىكى زېھىن سىناش (يېزا پەن - تېخنىكا بىلىملىرى، قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى، پىلانلىق تۇغۇت، ئۆسمۈرلەر تەربىيىسى، تەبىئىي پەن،

ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرى) مۇسابىقىلىرىنى، فوتو سۈرەت ۋە تۈرلۈك كۆرگەزمىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر خىل ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيەلەش ئاكتىپلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بۇ خىل تەربىيەلەشنىڭ ئۇنۇمى يىغىن ئېچىپ نۇتۇق سۆزلەش، تەنقىد-تەربىيە بېرىشكە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ.

ئىلگىرى ئاساسىي قاتلاملارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سەل قارىغان بەزى ئورۇنلاردا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە ماس كەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدى. شۇڭا نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك ئىدىيەۋى تەربىيە خىزمىتى ئارقىلىق دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە سەل قارايدىغان ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىپ، مەدەنىيەت پائالىيىتى سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نادانلىقنى تۈگىتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى بىر ئەۋلاد دېھقان، چارۋىچىلارنى تەربىيەلەشكە بىردەك كۈچ چىقىرايلى.

## «ئاممىۋى مەدەنىيەت» ناملىق كىتاب نەشر قىلىندى

ئابدۇۋەلى ھوشۇر

مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، يازغۇچى مۇتەللىپ سېيىتنىڭ «ئاممىۋى مەدەنىيەت» ناملىق كىتابى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

ئاپتور ئۇزۇن يىل ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش، رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا توپلىغان مول تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان ئۇن بابلىق بۇ كىتابتا، شىنجاڭدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى، تەرەققىياتى، تۈرلىرى، ئالاھىدىلىكى، ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى، ئاممىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە ھەقلىق مۇلازىمەتنى يولغا قويۇش، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق نەزەرىيەۋى مەسىلىلەر ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئىلمىي يوسۇندا سىستېمىلىق شەرھلەنگەن.






ساتتار توختى

## يوشۇرمىغىن خېتىڭنى...


(قىز قوشىقى)

ئولتۇرۇپسەن شادلىنىپ،
تال باراڭنىڭ ئاستىدا.
مېنى كۆرۈپ، خېتىڭنى
يوشۇرۇۋالدىڭ ئاستىلا.

مەشۇق ئۈچۈن خەت دېگەن
«يېرىم دىدار» ئەمەسمۇ؟
سېغىنغاندا خەت كۈتۈپ،
ئۇيقۇ بىدار ئەمەسمۇ؟

يوشۇرمىغىن خېتىڭنى،
خەت خۇشاللىق ئەلچىسى.
خەت يازغاندۇ ئاشىقىڭ -
باتۇر چېگرا جەڭچىسى.

خەۋەردارمەن سىرىڭدىن،
ئورۇن ئالاي يېنىڭدىن.
خۇشلۇقۇڭغا ئەي دوستۇم،
خۇشلۇق قاتاي دىلىمدىن.



## سايرا گۈزەل تاڭ بۇلبۇلى

ئەي ناخشىچى قىز سەنىڭگە
چىقتىڭ مانا بىر گۈل بولۇپ،
ئەيلەپ يۈرەكنى مەھلىيا،
شوخ سايرىدىڭ بۇلبۇل بولۇپ.

دولقۇنلىغان ناخشاڭ سېنىڭ،
ئاقتى كۆڭۈل بوستانىغا.
بەرگەن ھۇزۇرى – لەززىتى
ياقتى كۆڭۈل بوستانىغا.

كۆمدى شەرەپكە ئەل سېنى،
ئالقىش – تەسەددۇق ئىلكىدە.
قىلدىڭ بىجا تەزىمنى سەن،
غۇنچە لىۋىڭ شاد كۈلكىدە.

سەنئەتخۇمار خەلقىم مېنىڭ،
ناخشا ئۈچۈن تەشنا ھامان.
سايرا گۈزەل تاڭ بۇلبۇلى،
ناخشاڭغا ئەل ئاشنا ھامان.

## قەدەھ سۆزى

ھارپىسىدا بايرامنىڭ،
جەم بولدۇڭلار دوستلىرىم.
سىلەر بىلەن سورۇندا
دولقۇنلىدى خۇشلۇقۇم.

سىلەر ئالىم، ئىجادكار،
سىلەر جەسۇر قورغۇچى؛
سىلەر شائىر، سەنئەتكار،
سەپ ئالدىدا يۈرگۈچى.

خۇشال - خۇرام باش قوشتۇق،
ئىچەيلى بىز قانغىچە.
داۋام ئەتسۇن ئولتۇرۇش
گۈزەل، يېڭى تاڭغىچە.

چىقسۇن مېھنەت ھاردۇقى،
ئېچىلسۇن راس كۆڭلىمىز.
يېڭى ئۇتۇق، زەپەرگە
يار بولسۇن بۇ ئۆمرىمىز.

## ئاچاي يۈرەك سىرىمنى

ئۇچقۇنلايدۇ يوشۇرۇن كۆيۈش
ئازابلىرى كۆزىمىزدىن.
سۆيگۈ ئىزھار ئېتەلمەستىن،
دۇدۇقلايمىز سۆزىمىزدىن.

ئۆتەرمىكىن كۈنلەر شۇنداق،
تىلغا قۇلۇپ سېلىپ ھايا.
پىشتى سۆيگۈ شەرتلىرىمىز،
ئەھدىمىزگە قىلغاچ ۋاپا.

جۇرئەت قىلىپ لەۋلىرىڭگە
تۇنجى پېچەت باساي كەچتە.
يۈرىكىمنىڭ سىرلىرىنى
سەن جانانغا ئاچاي كەچتە.

## ئاي ۋە مەن

باشلىغاندا ھەر كېچە ئاي
كۆك ئاسماندا سەيلىسىنى؛
ئولتۇرىمەن ھەمرا قىلىپ
گۈزەل ئىلھام پەرىسىنى.

ئەجەب گۈزەل ئاق كېچىلەر،
بىدار شېرىن ئۇيقۇ ماڭا.
قولدا قەلەم، تاتلىق ھىستىن
نىگار شېرىن تۇيغۇ ماڭا.

پۈتكىنىمدە ئالتۇن مىسرا،
دىلىغا ھۇزۇر تارايدۇ شاد.
پەسلەپ ئايمۇ جىلۋە ئەيلەپ،
دېرىزەمدىن قارايدۇ شاد.

ئۆتەر تۈنلەر، ئۆتەر شۇنداق،
پۈتەر شېئىرىم، ئايمۇ پاتار.
ئاي ئۇزايىز. مەن ئۇيغاقمەن،
چىللاپ ئىشقا تاڭلار ئاتار.

## باھار ئەتىگىنى

باھار كەلدى چېچەك پۈركۈپ،
ئەجەب خۇشبۇي ھاۋا كەلدى.
چىمەنلەردە تۈمەن بۇلبۇل
تىنىدىقان كۈي - ناۋا كەلدى.

سەھەر پەيتى بولۇپ پەيدا،
ۋۇجۇدۇمنى قىلىپ شەيدا،
ئېتىزلىقتا مېنى چىللاپ،
جانانىم دىلرابا كەلدى.


ئېسىلگەن ئۆپكىدەك كەك يەر،
دېدى: «كەل، مەرھابا ئەي ئەر،
ئۇرۇق چاچ، كۈزدە ئالتۇن ئال»
دېگەن ياڭراق سادا كەلدى.

تۆكۈپ پىشانىدىن تەرنى،
سۇپەتلىك ھەيدىدۇق يەرنى،
سۆيۈپ يۈزلەرنى زەپ شېرىن
ئىپار چاچقان سابا كەلدى.

دېدى يارىم كۈلۈپ تاتلىق:
«سەھەردە ئىشلىمەك شادلىق»
ئاشۇ چاغدا ئېتىز ئارىلاپ،
كۈلۈپ ئاق-چاچ ئاتا كەلدى.

دېدى: «كۈزدە ھوسۇل كۆپكەن،
تويۇڭدا شاد ئۇسسۇل كۆپكەن،»
سۆزىدىن ئاقساقال-چالنىڭ،
گويا ئايەم - ساما كەلدى.



(ھېكايە)

**ياسىنجان سادىق**

خۇشاللىق ھەر قانداق ئېغىر - بېسىق ئادەمنىمۇ خېلىلا شوخ، تېتىك قىلىپ قويىدىكەن. خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن ئالتە ئايدىن بېرى يۇرتقا بېرىپ ئاتا - ئانامنى يوقلاپ كېلىشكە ھېچ رۇخسەت ئالالماي، ئەمدىلىكتە باشلىقنى ئاران دېگەندە ماقۇل كەلتۈرۈپ، باش لىڭشىتقۇزغان بۇ دەقىقىدە خۇشاللىقتىن بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولۇپ، يۈرىكىم كۆكرەك قەپىزىگە سىغمايلا قالدى. ياتاقتا قويۇندەك چاپتىم. بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن تۆتنى بىر دېگۈدەك ئاتلىدىم. سەپەر سومكاغا نېمىنى سېلىپ، نېمىنى قويدۇم بۇنىمۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ سومكا ھېچ نېمە سىغمىغۇدەك بولۇپ دومبايغاندا كۆتۈرۈپ سىرتقا چاپتىم - دە، يۇرتۇمغا مېڭىش ئۈچۈن قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغان پاسازىرلار ئاپتوبۇسىغا چىقىپ، بوش ئورۇنغا سىغدالدىم. ئەمدىلا ئولتۇرۇشۇم بىلەن چىرايى تۇرۇلۇپ، قىزغانچۇقلۇق بىلەن غۇتۇلداشقا باشلىغان شاپ بۇرۇتلۇق سەپەردىشىنىڭ غىڭشىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماستىن، سومكامنى

جايلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولدۇم. ئاڭغىچە ئاپتوبۇسمۇ ئېغىر گەۋدىسىنى يەڭگىل تەۋرەتكىنىچە ئورنىدىن ئاستا قوزغالدى.

«ئۇھ» دېدىم سومكامنى ئورۇندۇق ئاستىغا كۆڭلۈمدىكىدەك جايلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن گويا قاتتىق ئىش قىلىپ ھېرىپ كەتكەندەك يەڭگىلتىن ئېلىپ ۋەگەۋدەمنى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە قويۇپ بىر ئازدېمىنى ئېلىۋالماقچى بولدۇم. بىراق گەۋدەم يۆلەنچۈككە پەقەتلا سىغمىدى. چۈنكى يېنىمدىكى ھېلىقى شاپ بۇرۇت سەپەرداشىم پۇت-قوللىرىنى كېرىپ ئولتۇرۇپ ماڭا تېگىشلىك بولغان ئورۇنىنىڭمۇ يېرىمىنى ئىگىلىۋالغان ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا قىسىلىپراق ئولتۇرۇشنى ئېيتىشنى ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ تولىمۇ سۈرۈن تەلەتىگە قاراپ بۇ نىيىتىمدىن ياندىم-دە، ئەلاجىسىز ئالدىمغا ئىگىشىپ ئولتۇرۇپ يېنىمدىن «قارلەيلىسى» ماركىلىق پاپىروسنى چىقىرىپ لېۋىمگە قىستۇردۇم. تېخى پاپىروسقا ئوت تۇتاشتۇرۇپ راسا بىرنى شورىماي تۇرۇپلا كەينىمدىن ئىنچىكە-چىرقىراق كەلگەن بىر ئاۋاز دوق قىلدى:

— ئۇكاموي، تاماكىلىرىنى ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە چەكسىلە، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرماي.

— قانداق دېگەن ئەدەبسىز بالابۇ، ئادەمگە سېسىق ئىسىنى پۈۋلەپ، — ھامى قوپتى يەنە بىر خىلك-خىلك ئاۋاز.

مەن دەرھاللا توغرا قىلمىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم-دە، لېۋىمدىن پاپىروسنى ئېلىپ ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن سىرتقا تاشلىۋەتتىم. بايامقى ئەيىبلەشلەر تەسىرىدىن يۈزۈمگە قىزىللىق يۈگۈردى. مەن ئۆزۈمنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سومكامدىن بىر ھېكايە توپلىمىنى ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم. بىراق كىتابتىن ئەمدىلا بىر ھېكايىنى ئوقۇي دەپ تۇرۇشۇمغا ئەتراپىمدىن ئاڭلىنىشقا باشلىغان خېلىلا ئۈنلۈك پىچىرلاشلار دىققىتىمنى بۆلىۋەتتى. مەن كىتاب ئوقۇغان بولۇپ بۇ ئاۋازلارغا قۇلاق سالدىم.

— نەدىن پەيدا بولدى بۇ تۈكباش.

— مۇسۇلمان بالىسى بولغاندىكەن، بېشىغا بىر نەرسە كىيىۋالسىمۇ بولىدۇ.

— خوتۇن كىشىنى دوراپ چېچىنى مايلاپ پارقىرىتىۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان، خۇداياتوۋا.

— ھازىرقى ياشلاردا ئىمان قالمىدى. ھەممىسىلا كاپىرنى دوراپ يالاڭباش يۈرۈدىغان بولۇپ كەتتى.

— ئايىغىنىڭ پاشنىسىغا قارىدىلىمۇ، نېمانچە ئېگىز...

— ئوغۇل بالا تۇرۇپمۇ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى چاپانىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋاپتۇ.

— ئىشقىلىپ، بۇنداق تۈكباش ئىمانسىزنىڭ ئارىسىدىن ياخشى ئادەمنىڭ چىققىنى تەس.

مەن بۇ پىچىرلاشلارنىڭ دەل مېنىڭ ئۈستۈمدە بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە بۇ پىچىرلاشلارغا ئالاھىدە «خېمىرتۇرۇچ» سېلىپ بېرىۋاتقان كىشىنىڭ دەل يېنىمدىكى شاپ بۇرۇت ئىكەنلىكىنى سەزدىم.

قانداق قىلاي؟ شۇ تۇرقىدا ئۇلار بىلەن بىر قېپەز داۋلىلىشايمۇ؟ ئۇلاردىن ئىمانىنىڭ زادى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى، مۇسۇلمان بولغان بەندە ئۈچۈن بېشىغا چاچ قويۇپ، يالاڭباش يۈرۈشنىڭ گۇناھ بولىدىغانلىقى ھەققىدە قايسى دىنىي كىتابتا قەيت قىلىنغانلىقىنى سورايمۇ؟

مەن خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن

يەنىلا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان بولىۋېلىپ، قولۇمدىكى كىتابنى كۆرۈۋېرىشنى ئەۋزەل كۆردۈم. بەلكىم ئۇلارمۇ ئاغزى تالغاندا توختاپ قىلىشار.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئاپتوبۇس تۇيۇقسىز تورمۇزلاندى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام شەھەردىن خېلىلا يىراقلىشىپ سەھرا يولىغا چىقىپ قاپتىمىز.

— ئاشۇ موماينى دەپ ئاپتوبۇسنى توختىتىپ يۈرگىچە مېڭىۋەرسىمۇ بولىدۇ.

يېنىمدىكى شاپ بۇرۇتنىڭ غۇتۇلداپ ئېيتقان بۇ سۆزى كەڭرى، يېشىل دالىغا مەركەزلەشكەن دىققىتىمنى ئاپتوبۇسقا چىقىشقا تەمشىلىۋاتقان مومايغا يۆتكىدى. بېشىغا نىمكەش ئاق داكا لېچەك سالغان، يۈزلىرى ھېلىلىمدەك قورۇلغان، ھاسا تاياققا تايىنىۋالغان، دۈمچەكرەك كەلگەن مومايغا كۆزۈم چۈشىشى بىلەن كۆڭلۈمدە شوپۇرنىڭ ئىنسابىغا بارىكاللا ئوقۇدۇم. چۈنكى سەپەر ئۈستىدە ئۇچرىغان ئاجىز — مەزلۇملارنى ئالاھىدە ماشىنا توختىتىپ چىقىرىۋالىدىغان شوپۇر تولىمۇ ئاز ئۇچرايتتى. ئەپسۇسكى كۆڭلۈمدە ئەمدىلا قوزغالغان ھۆرمەت — تەشەككۈر ھېس - تۇيغۇلىرىنى شوپۇرنىڭ تولىمۇ ئاچكۆز، قوپال مۇئامىلىسى خۇددى بوران ئۇچۇرغان قامغاقتەكلا غايىب قىلىۋەتتى.

— ھە، چوڭ ئانا، قاراپ تۇرماي يانلىرىنى كولىسىلا دەيمەن. — دېدى شوپۇر ئاپتوبۇسقا چىقىپ تېخى ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەن مومايغا قوپاللىق بىلەن.

موماي شوپۇرنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىدىمۇ ياكى قۇلىقى ئېغىر بولسا، گەپنى ئۇچۇق ئاڭلىيالمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر شوپۇرغا ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى.

— ھوي، سىلىگە گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى شوپۇر مومايغا بايامقىدىنمۇ قاتتىقراق ئاۋازدا سۆزلەپ، — بولسىلا، تېزرەك رەسمىيەت ئۆتەۋەتسىلە.

— شوپۇر ئۇستام سىلىنى كىرا پۇلىنى تۆلىسىلە دەۋاتىدۇ، — دېدى شاپ بۇرۇت.

— باغىشلاۋات يېزىسىغا باراتتىم بالام. قانچە پۇل كىرا ئالىلىكەن، — دېدى موماي شاپ بۇرۇتنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىن تولىمۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— ئىككى يېرىم كوي، — دېدى شوپۇر توڭلۇق بىلەن.

موماي يېنىنى بىر ھازا ئاقتۇرغاندىن كېيىن قات - قات يۆگەلگەن تۈگۈنچەكلەرنىڭ ئارىسىدىن بارى - يوق بىر كويلۇقتىن ئىككى تال پۇلنى ئالدى - دە، شوپۇرغا تولىمۇ خىجىللىق بىلەن تەڭلىدى.

— ئاز بولسىمۇ ئەپۇ قىلسىلا بالام، يېنىمدا بارى مۇشۇكەن.

شوپۇر مومايىنىڭ قولىدىن ئىككى كويىنى يۇلۇپلا دېگۈدەك ئالدى - دە، كەم قېپقالغان بەش مو ئۈچۈن غۇتۇلدىغىنىچە كېپىنىكىگە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا مەن شاپ بۇرۇتنىڭ: «پۇلى يوق ئادەم ئاپتوبۇس توسۇپ نېمە قىلاتتىكىن» دەپ غۇدۇڭشىغىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئاپتوبۇس ئورنىدىن قوزغىلىشى بىلەن تەڭ تېخى ياخشىراق جايلىشىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن موماي قاتتىق سىلكىنىپلا ئورۇندۇقسىز داق يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. مەن بىرەر بوش ئورۇن بارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئاپتوبۇس ئىچىگە تەكشى بىر قۇر قاراپ چىقتىم، لېكىن بوش ئورۇن پەقەتلا يوق ئىدى. ئەمما ھاسا تاياققا چۈشۈپ قالغان

بىر موماي ئۈچۈن داق يەردە بىر نەچچە سائەت چايقىلىپ ئولتۇرۇش ھەرگىز ئاسانغا چۈشمەيتتى. مەن ئۇزاق ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئورنۇمنى مومايغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى قارار قىلدىم.

— چوڭ ئانا، — دېدىم مەن مومايىنى قولتۇقىدىن يۆلىمەكچى بولۇپ، — مېنىڭ ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرسىلا.

موماي دەسلەپ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى - دە، كېيىن يۇمشاقلىقىنە كۈلۈپ رەھمەت ئېيتتى:

— رەھمەت، بالام. ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋەرسىلە، مەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرساممۇ بولىۋېرىدۇ.

مەن مومايىنىڭ سىپايە ئۆزۈرلىرىگە قۇلاقمۇ سالماستىن، مەجبۇري دېگۈدەك يۆلەپ ئەپكېلىپ ئورنۇمدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم ۋە ئۆزۈم ئاپتوبۇس ئىشىكى تۈۋىدىكى تۆمۈر جازىغا ئېسىلىپ ئۆرە تۇردۇم. مەن دەل مۇشۇ دەقىقىدە ھېلىقى موماي بىلەن قوشۇلۇپ ماڭا مەمنۇنىيەتلىك، مىننەتدارلىق، قايىللىق بىلەن تىكىلگەن چىرايلار ئىچىدىن مەسخىرىلىك، مەنسىتمەسلىك، زاڭلىق قىلىش ئالامىتى بىلەن تىكىلگەن بىر چىرايىنىمۇ كۆردۈم. بۇ دەل ھېلىقى شاپبۇرۇتنىڭ چىرايى ئىدى. مەن نەزىرىمنى دەرھال ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن كەڭرى دالىغا ئاغدۇردۇم. خىيال قۇشلىرىم يۇرتۇمغا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. بىر ۋاقىتتا قاتتىق تورمۇز زەربىدىن ئاپتوبۇس چىرقىراپ توختىدى - دە، كۆڭۈللۈك داۋاملىشىۋاتقان خىيالىمنىڭ قاپ بېلىدىن ئۈزۈپ قويدى. مەن ئاپتوبۇسنى يەنە بىرەر يولۇچىنىڭ توسىۋالغانلىقىنى پەملەپ يەرگە قارىدىم. دېگەندەك ئاپتوبۇس ئىشىكى تۈۋىدە بېشىغا كولا، ئۇچىسىغا ھەر خىل رەڭدىكى لاتا - پۇرۇچلاردىن ئۇلاپ تىككەن چەندە كىيگەن، رەتسىز، پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرى گەدىنىنى ياپقان، باش - كۆزلىرى تولىمۇ مەينەت، يالىڭاياغ، ئۆشنىسىگە مايلىشىپ كەتكەن خورجۇن سالغان، بىر قولىدا مۈڭگۈز دەستىلىك ساپايە كۆتۈرۈۋالغان، بىر قولىدا سېمىزگىنە كەلگەن كۆك قوچقار يېتىلىۋالغان 30 — 35 ياشلار چامىسىدىكى ئالۋاستى سۈپەت بىر كىشى قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنى «ئاشىق»، «باخشى» دەپ ئاتىۋالغان بۇنداق كىشىلەرنى شەھەردە خېلىلا ئۇچرىتىپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن پەرۋامۇ قىلماستىن تۇرۇۋەردىم. لېكىن شاپبۇرۇت بۇ ئادەمنى كۆرۈشى بىلەنلا خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، خۇشامەتكويلۇق بىلەن ئېگىلىپ كېلىپ ھېلىقى ئادەمنىڭ قوللىرىنى سۆيگەندەك بولۇپ كۆرۈشتى. قايتا - قايتىلاپ ھال - ئەھۋال سورىدى. ئاخىرچە شوپۇرمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا ئۆتۈپ بولدى. مەن ئۇلارنىڭ پارىڭىغا ئاستا قۇلاق سالدىم.

— ھە، باخشىم نەلەرنى چۆرگىلەپ كەلدىلە، — دېدى شوپۇر ھېلىقى ئادەمنى شاپبۇرۇتتەك ئانچە ھۆرمەتلەپ كەتمەي.

— ھەقتائاللانىڭ ئەمرى بىلەن رىسقىمىز نەگە سۆرىسە، شۇ يەرلەرنى ئايلىنىپ، مازايىماشايىخلارنى يوقلاپ يۈردۇق.

— قېنى ئەمىسە، خۇدا بۇيرىغان مېنىڭ رىسقىمنىمۇ غاچچىدە بېرىۋەتمەملا، — دېدى شوپۇر مەسخىرىلىك بىلەن.

ھېلىقى ئادەم قويىنىنى بىر ھازا كولاشتۇردى - دە، ئىككى سوملۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ شوپۇرغا ئۇزاتتى.

— بۇ سىلىنىڭ كىرا ھەققىلىرىمۇ ياكى مۇنۇ قوچقارنىڭمۇ؟ — دېدى شوپۇر چىرايىنى بىردىنلا تۈرۈپ.

— قالغىنىغا دۇئا قىلاي، خۇدايىم بېرەر ئۇستام.

— ئىككى كۈي بولسىمۇ ئېيتقۇيسىلا ئۇستام. كېيىنى خۇدايىم بېرەر. بۇنداق موللا - ئالىم كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلسىلا چوڭ ساۋاب تاپىلا. ئۇ ئالەملىكلىرى... - دېدى شاپ بۇرۇت.

شۇنداق قىلىپ ئاپتوبۇسقا يېڭىدىن ئىككى ھەمراھ — بىر ئادەم بىلەن بىر قوچقار قوشۇلدى.

— ئاپتوبۇسقىمۇ قوي سالامدۇ ؟ — دېدى كىمدۇر بىرى قوچقارنى كۆرۈپ نارازىلىق بىلەن.

— شۇ ئەمەسمۇ، يا بۇ ئېغىل بولمىسا، — دېدى يەنە بىرەيلەن ئاۋاز قوشۇپ.

— ھە، نېمە ۋارى - ۋارى بۇ. قوي سالامدىم، ئادەم سالامدىم ئۆزۈمنىڭ ئىشى، - دېدى شوپۇر بۇ نارازىلىق پىكىرلەرنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك تولىمۇ چوڭچىلىق بىلەن، - ئەگەر ئاپتوبۇسقا قوي سالدى دەپ نارازى بولغۇچىلار بولسا چۈشۈپ كەتسىمۇ مەيلى. ماڭا ھۆكۈمىتىكام پۇل تاپ دەپ بۇ جانىۋارنى ھۆددىگە بەرگەن، ئۇققۇشلىما. زىيان چىقسا ماڭا ھەر قايسىلىرى بىر پۇڭ ياردەم بېرىشمەيلا.

شوپۇرنىڭ گۈركىرىشىنىڭ ئۈنۈمى بولدىمۇ نېمە، كىشىلەر جىملا بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ جىملىقنى شاپ بۇرۇت بۇزدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، ھۆددىگە ئالغان نەرسە بولغاندىكىن نېمە قىلىمەن دېسە ئۇستامنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتە، — دېدى ئۇ شوپۇرغا خۇشامەتكۈيلۈق بىلەن كۈلۈپ قاراپ.

تالاش - تارتىشلار بېسىققاندەك بولدى. ئاپتوبۇس گەۋدىسىنى يەنە قوزغىدى. ئاپتوبۇس ئىچىدىكى يېڭى مۇھىتقا ماسلىشالمايۋاتقان قوچقارنىڭ ئانىدا - ساندا ئەنسىز مەرىشىدىن باشقا ھېچبىر ئۈنلۈكرەك سادا يوق ئىدى. يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئۈگدەشكە چۈشكەن ئىدى. بەزىلىرى ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن سىرتقا خۇشياقمىغان ھالدا نەزەر سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن شاپ بۇرۇت تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك يېڭى قوشۇلغان ھەمراھ — ئاشىققا سۆزلەشكە باشلىدى:

— قېنى ئۇكام، ساپايىلىرىنى بىر سايرىتىپ ۋەتسىلە، — دېدى ئۇ داق يەردىلا ئولتۇرۇپ ئۇخلاشقا باشلىغان ئاشىقنى تۈرتۈپ ئويغىتىپ.

ئاشىق شاپ بۇرۇتنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا خۇرجۇنىغا سېلىپ قويغان مۆڭگۈز دەستىلىك ساپايىسىنى چاپسانلىق بىلەن ئالدى - دە، تەلقىن ئوقۇپ چېلىشقا باشلىدى:

بۇ دۇنيادۇر ئالتە كۈنلۈك، مىراسى يوق،
سۆزلىرىمنى ئار كۆرگەنلەر رەسۋا بولغاي.
پىرلىرىمغا ئىشەنمەستىن يۈرسىڭىزلەر،
كارامىتىم بېشىڭىزلارغا دىشۋار بولغاي.
ھۇۋ ئاللا... ھۇم. . ھۇم...

— سۇلتان بۇزرۇكتىكى ئىمام ئاشىقنى ئاڭلىغان بولغىتىڭلار، — ئاشىقنىڭ توختىماي غىڭشىشقا باشلىغان مۇڭلۇق ئاھاڭىنىڭ تەسىرىدىن ھاياجانلانغان شاپ بۇرۇت ئۆزلۈكىدىنلا بۇ داڭلىق «ئەۋلىيا» پۇشتىنىڭ تەرجىمھالىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، - بۇ كىشى شۇ زاتنىڭ ئوغلى بولىدۇ. تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، ھەزرىتى ئاپپاق خوجامنىڭ ئەۋلادى بولىدۇ. دادىسى رەھمەتلىك ئۆز ۋاقتىدا ئىنتايىن نامدار ئاشىقلاردىن ئىدى. بۇمۇ ھازىر خېلىلا يېتىشىپ قالدى. ھەر قانداق ساقايمىغان ئېغىر كېسەللەرگە دىمىدە ئوقۇپ سەۋەب قىلسا ساقايماي قالمايدۇ، - ئۇ دەرھال يېنىنى ئاقتۇردى - دە، قويۇن يانچۇقىدىن ئالغان بىر تۇتام پۇللارنىڭ ئارىسىدىن 10 تىيىنلىقتىن بىرنى ئايرىۋېلىپ ئاشىقنىڭ بوش قولىغا تۇتقۇزدى ۋە باشقىلارغىمۇ مۇراجىئەت قىلدى، - قېنى، جامائەت، سەپىرىمىزنىڭ

خەيرىلىك بولۇشى ئۈچۈن ھەزرىتى ئاپپاق خوجامنىڭ پۇشتى بولمىش بۇ ئاشىققا ئازراق بىر نەرسە دۇئا قىلدۇرايلى. ساۋاب بولىدۇ. ھە، قېنى، يېنىمىزنى كولايلى، ساۋابلىق ئىشلارنى مۇشۇنداق كىشىلەرگە قىلساق بولىدۇ.

شاپ بۇرۇتنىڭ بۇ سۆزلىرى خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. بەش كويلۇق، ئىككى كويلۇق، بىر كويلۇق، بەش مولۇق، ئىككى مولۇق پۇللار ئاشىقنىڭ خۇرجۇنىنىڭ ئالدى يېنىغا سېلىنىۋەردى. ئاشىق بولسا ساپايىنى تېخىمۇ روھلۇق چاقىلدىتىپ سوقماقتا ئىدى. تويۇقسىز كۆزۈم يانچۇقلىرىنى ئالا قويماي ئاقتۇرۇۋاتقان مومايغا چۈشتى. موماي يانچۇقلىرىنى بىر قۇر ئاقتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئىزدىگەن نەرسىنى تاپالماي قالغان بولسا كېرەك، بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن جەررە تارتىپ ساپايە چېلىۋاتقان ئاشىققا بىر نېمىلەرنى دېدى. مەن موماينىڭ ئاشىققا نېمە دېگەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىغان بولسامۇ، لېكىن موماينىڭ چىرايىدىكى خىجىللىق، مەيۇسلىنىش ئالامەتلىرىنى ئېنىق كۆردۈم. بىراق كۆزى يېرىم يۇمۇلغان، بىر قولىدا ساپايە چېلىۋاتقان، بىر قولىدا كىشىلەر ساۋاب تېپىش ئۈچۈن ئۇزاتقان پۇللارنى يىغىۋاتقان ئاشىق، موماينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردى. مەن بۇ چاغدا، موماينىڭ ھەرىكىتىدىن بىر نەرسىنى سەزگەن شاپ بۇرۇتنىڭ مومايدىن بىر نەرسىلەرنى سورىغانلىقىنى، موماينىڭ تولىمۇ خىجىللىق بىلەن بىر نېمىلەرنى چۈشەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردۇم. پەمىچە، موماينىڭ سۆزلىرى شاپ بۇرۇتقا مايدەك ياققان بولسا كېرەك، رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى - دە، دەرھال ئاشىقنى ساپايە چېلىشتىن توختاتتى.

- ئوكام، ماۋۇ موماينىڭ سىزگە دۇئا قىلدۇرغىدەك ھېچنېمىسى يوقكەن، شۇڭا ساۋابلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن سىزگە ئورنىنى ئۆتۈندى. قېنى، كېلىپ ئولتۇرۇۋېلىڭ.

مەن شاپ بۇرۇتنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم ھەمدە ھەيرانلىق بىلەن مومايغا قارىدىم. موماي شاپ بۇرۇتنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ:

- قېنى، بۇ ئورۇنغا كەلسىلە، - دەپ ئاشىقنى ئۆز ئورنىغا تەكلىپ قىلدى.

كۆز ئالدىمدىلا سۈرەتلىنىۋاتقان بۇ كارتىنىلار تەسەۋۋۇرۇمغا پەقەتلا سىغماي قالدى. مەن ئاشىقنىڭ موماينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھېچبىر تۈزۈت - تەكەللۇپسىزلا بۇرۇنراق شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك موماينىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى، بۇ چاغدا موماينىڭ چىرايىدىكى ئابىيامقى خىجىللىق، تەشۋىش ئالامەتلىرىنىڭ ئورنىغا خاتىرجەملىك، رازىمەنلىك ئالامەتلىرى ئالماشقانلىقىنى، بىر نەچچە سائەتتىن بېرى مەن بىلەن مومايغا قىزغانچۇقلۇق قىلىپ ئورۇننى كەڭرى ئىگىلەپ ئولتۇرۇۋالغان شاپ بۇرۇتنىڭ مانا ئەمدى ئاشىقنىڭ كەڭرى ئولتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ئاپتوبۇس دېرىزىسى تەرەپكە چاپلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى ئوپئوچۇق كۆرۈپ ھەيران قالدىم. تېخى ئىككى سائەت ئىلگىرى مېنىڭ پاكىزە، مايلاپ تارالغان چېچىمدىن، رەتلىك ئۈستىباشلىرىمدىن قۇسۇر چىقىرىپ ئىمانسىزلىقتا ئەيىبلىگەن بۇ كىشىلەر ئەمدىلىكتە چېچىنى مېنىڭدىنمۇ ئۇزۇن قويۇۋالغان، مەينەت - رەتسىز ئۈستىباشلىرىغا ئاي، يىللاپ سۇ دارىمىغان بۇ كىشىنى خۇددى ئەۋلىيادەك ھۆرمەتلىمەكتە. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئىلىنىشىپ ساۋاب تېپىش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى.

# ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربىي دۇنياغىچە سوزۇلغان سەنئەت
# تەسۋىرىي يادىكارلىقنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى





ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

**1**

مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئالەمشۇمۇل دەبدەبە قوزغىغان ئىدى. بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت دىيارى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، قەدىمكى يېزىق ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئاللىقانداق «يېڭى تېپىلغان ئاتلانتىكا»، «قۇم دېڭىزى ئاستىدىكى سېھىرلىك قەلئە» دېيىلدى. ئۇلارنىڭ خانلىق مۇزېي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك سارايلىرى بۇ غەيرىي ماكاندىن «تېپىۋېلىنغان» جاۋاھىراتلار بىلەن شۆھرەتلىنىشكە باشلىدى. شۇندىن بېرى بىر ئەسىر ئۆتتى، ۋەھالەنكى، دەبدەبىگە مۇيەسسەر بولغان بۇ تەتقىقات مەركەزلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ ئومۇم ئوچېركلىرىدىن باشقا، خاس تېمىدىكى مىكرو تەتقىقات



چېچەكلىرى چىلۋىلەنمەدى. تارىخ ئېھتىمالەم بۇ خىل ئانالىتىك تەتقىقات بۇرچىنى بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى خەلقنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا نېسىپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەركىزىي ئاسىيادىكى قۇياش ئېتىقادچىلىقى، ئانىمىزم ۋە تۆت زات قاردىشى، مېتال ھۈنەر سەنئىتى، كىيىم مەدەنىيىتى، تەسۋىرىي سەنئەت ئىزنالىرى، قەدىمكىي ئۇسسۇل- مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئوبرازلىق ئۇچۇرى قاتارلىق خاس تېماتىك تەتقىقاتلار ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن ئويلايمەنكى، مەدەنىيەت، ھەتتاكى مەنىۋى مەدەنىيەت سىرتلاشقان، ماددىيلاشقان تارىخىي نەتىجىلەر چۆكمىسى بولۇپ، مەدەنىيەت، جۈملىدىن سەنئەت تارىخى بۇ چۆكمىنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي قاتلىمىدىن ئىبارەت. باشقىچە ئېيتقاندا، تارىخ، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت تارىخى پاكىتلىق ئۇچۇر تارىخى سىستېمىسى بولۇپ تارىخنى «ھېچقانداق يات قوشۇمچىسىز» (ئېنگېلسنىڭ سۆزى) ئەينەن يېزىشنىڭ توغرا يولى تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسىدا، تارىخنى ئۇچۇر سىستېمىسى دەپ چۈشىنىپ، تارىخنى ئۇنىڭ ئۆز ئۇچۇرى بىلەن ئىزاھلاش بولۇشى لازىم.

زامانىنىڭ ئېنفورماتسىيە دەۋرىگە قاراپ تېز سۈرئەتتە كىرىپ بېرىشى بىلەن تارىخىي تېمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتمۇ ئىلگىرىكى گەپ بىلەن بايان قىلىشتەك قۇرۇق، جانسىز ۋە ئەۋرىشىم ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، تارىخنى تارىخنىڭ ئۆز سىگنالى، ئۆز تامغىسى، ئۆز ئىزناسى، ئۆز ئۇچۇرى، ئۆز قىياپىتى بويىچە ئىزاھلاشنىڭ يېڭى بايان قىلىش شەكلىگە يۆتكىلىشى مۇقەررەر. بۇ خىل يېڭىچە تەتقىقات تىپى تارىختىن سۆزلەيدىغان ۋە ئۆزى سۆزلىگەن تارىخنىڭ ماددىي يادىكارلىقلىرىنى پەرق ئېتەلەيدىغان تارىخ تەتقىقاتىدىكى «مەدرىسۇازلىق» ئىستىلىنى ئاياغلاشتۇردۇ، ئەلۋەتتە.

## 2

مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت مەنىسىدىمۇ پەۋقۇلئاددە رايون. ئۇ ئاسىيا تىپىدىكى ئاق جىنىس ئىنسان تۈركۈملىرى بىلەن ئاسىيا تىپىدىكى سېرىق جىنىس ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ بىر قىسمىنى بىر قانچە تارىخىي قاتلام بويىچە، بىر قانچە قېتىم ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئارىلاشتۇرغان. ئىچكى موڭغۇلدىكى ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ ئاشېدغارىنى ئاپىرىدە سەۋولى قىلغان ئادەملەر تۈركۈمى پامىر تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىنى ھايات سەھنىسى قىلغان ئاسىنا ئۇرۇقىدىكى ساكلار بىلەن بايقال - يەنىسەي ۋادىلىرىدا قوشۇلۇپ، ئاسىنا قەۋمىنى مەركەز قىلغان تۈركىي ئانتروپولوگىك تۈركۈمنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ئۇنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا ئايدىڭ بىر تىپىك مىسالى.

مەركىزىي ئاسىيا تاغ - جىلغا تىپىدىكى مەدەنىيەت دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، يايلاق مەدەنىيەت تىپىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللارنىڭ ئاخىرى ئاتقا مىنىش تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن، خۇددى زېمىن كۆكسىدىكى ئاپوللودەك ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى جەنۇبتا ئىلەم ئېگىزلىكى، شىمالدا دېنېپېر - قارا دېڭىز ساھىلى ئارقىلىق كېسىپ ئۆتۈپ، تۇنجى قېتىم «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» ۋە «ئالتۇن يول» ئالاقىلار لېنىيىسىنى بەرپا قىلدى. مەركىزىي ئاسىيانى مەركىزىي بەلباغ قىلغان، داڭقى ئالەمنى قاپلىغان «يىپەك يولى» (ۋىزانتىيىلىكلەر ئۈچۈن «يىپەك يۇرتى يولى») گەرچە بوستان مەدەنىيەت تىپى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىلگىرىكى «ئاتلىقلار يولى» نى ئاساس قىلغان ئىدى.

• مەركىزىي ئاسىيا يەرلىك مەدەنىيەت نۇقتىسىدىنمۇ، يىپەك يولى سىنكرېتىك مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىنمۇ ئۆز ئالدىغا خاس سەنئەت ئۇسلۇبى، مەدەنىيەت چەمبىرى

ھاسىل قىلىپ جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ كەلدى. مەركىزىي ئاسىيا ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇنىڭ مۇھىم بىر جاۋاھىراتى بولۇپ، ئۇ ۋاقتى ئۇزۇن، مەزمۇنى مول، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى، تەسىرى كەڭ سەنئەت ئېقىمىنى ھاسىل قىلدى. ئۇ يازما مەنبەلەردە، شائىرلارنىڭ ئويناق شېئىرلىرىدا، ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇسسۇللۇق پەرۋازلىرىدا ئۆز تەرىپى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالماستىن، يەنە تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىدا ئۆزىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرىنى قويۇپ كەتكەن.

3

يېقىنقى يىللاردا تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپى، شەرقىي ۋە غەربىي قاناتلىرى بىلەن پامىر، كوئېنلۇن (قۇرۇم)، ئالتۇنتاغ، ئالتاي ۋە تارباغاتاي تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئىچكى موڭغۇل يايلىقى، گەنسۇ كارىدورىدىكى چوغاي ①، چىلەنشەن (نەنسەن) تاغ تىزمىلىرى، بايقال - يەنسەي، سىر دەريا ۋە ئامۇ دەريا ۋادىلىرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغ رايونلىرىدىن كۆپلىگەن قىيا رەسىملىرى تېپىلدى. بۇ تاشلارغا ئوبرازلىق تامغا بىلەن چېكىلگەن، مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈمىنىڭ يېزىقتىن ئىلگىرى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇش ۋە روھىيەت تارىخىنى دىققەت - ئېتىبارىمىزغا يايدى. تارىخنىڭ بۇ قەدىمكى ئوبرازلىق ئۇچۇرى، ئومۇمەن يايلاق مەدەنىيەت تىپىدىن ئىلگىرى يەنە تولىمۇ ئۇزاق داۋام قىلغان تاغ-جىلغا مەدەنىيەت تىپىنىڭ بولغانلىقىنى جاكارلاش بىلەن بىللە، خۇسۇسەن ماددىي تۇرمۇش، روھىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە خاس تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇمكىنلىكلىرىنى كۆرسەتتى.

بىز مەركىزىي ئاسىيانى ئېتنىك مەدەنىيەت ئومۇملۇقى ۋە يېقىنلىقى جەھەتتە بىر «ئېتنولوگىيىلىك - مەدەنىيەت چەمبىرى» گە ئاجرىتىشىمىز مۇمكىن. مۇشۇ ئاساستا ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرىنى ھازىرقى چېگرىدىن ھالقىغان ھالدا سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلىشىمىز ئاسان بولىدۇ.

ئەڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ قىياغا سىزىلغان ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلىرى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى قاتلىمىدا خۇددى ئىسپانىيە ۋە فرانسىيەدىكى ئالتامىرا ۋە راسكو غارلىرىدىكىدەك قورقۇنچلۇق ھايۋاننىڭ دەھشەتلىك ئېتىلىشلىرىنى ئەكس ئېتىش ئارقىلىق، ئىنسان ھاياتىنىڭ تاشقى مۇھىتى ۋە ئەنسىز ئىچكى روھىيىتىنى ئىپادىلىگەن بولسا، كېيىنچە سان-ساناقسىز تاغ تېكىلىرىنى ۋە ئۇنى ئوۋلاۋاتقان ئىنسان قىياپىتىنى سىزىش ئارقىلىق، ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ پايانسىز تەبىئەت دۇنياسىدا ھايۋانات دۇنياسىدىن قازانغان دەسلەپكى غەلىبە ئىپتىخارىنى ئىپادىلىدى. مەھمۇد قەشقەرى بۇنداق ئوۋچىلىق غەلىبىلىرىنىڭ شېئىرىي شەكلىنى ئۆز كىتابىغا مۇنداق يازغان:

«چاغرى بېرىپ قۇشلاتۇ،
تايغان ئىزلىپ تىشلەتۇ،
تىلكى، توڭغۇز تاشلاتۇ،
ئەردەم بىلە ئۆكلەلىم».

يەشمىسى:

(لاچىن بىلەن قۇش قۇشلىتىپ،
تايغان بىلەن چىشلىتىپ،
تاش بىلەن تۈلكە، توڭغۇزغا ئېتىپ،
غەلىبىمىزدىن روھلىنايلى.)

ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرمۇش ئىپتىدائىي ئىنساننى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ روھىيىتى ئۆزلىرى ئوزۇقلۇق قىلغان ھايۋاننىڭ جىسمانىي جەھەتتە ئۆلگەندىن


① 1974 ـ، 1980 ـ يىللىرى چوغاي تاغلىرىنىڭ ئورات، دىڭكۇ، ئاراشان ناھىيىلىرى قىممىدىن 7500 مېتىر جايىدىكى ئون نەچچە مىڭ قىيا رەسىمى تېپىلدى.

كېيىن ئۆلمەي ھايات قالغان روھى ئالدىدا تېڭىرقاپ قالغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئالەم ئىپتىدائىي ئىنساندىن ئۇ ئوزۇقلىنىۋاتقان ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانىنىڭ بەدىلىگە گۈلدۈرماما، بوران، چاقماق، ئوت ئاپىتى، تارقالما كېسەللىك قاتارلىق سىرلىق ۋە دەھشەتلىك ھادىسىلەر بىلەن ھالاك قىلىنغان ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار ئۈچۈن قىساس ئالغاندەك كۆرۈندى. ئانىمىزملىق ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھىيچىلىقى قاراشلىرى بارغانچە ھەر خىل مەبۇدىيەلەرنى ۋە ئۇلارغا سېغىنىش پائالىيەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىنسان ئۆزى ئىشەنگەن، قورققان، ئېتىقاد قىلغان مەبۇد ـ ئىلاھلارغا پۈتۈن روھىيىتى بىلەن ئۆزھۆرمىتى، ئۆز ئىلتىجالىرىنى گەۋدىلەندۈرگەندە ئۆزىنىڭ بەدەنلىرىنى ئۆز قەلبىنى ئىپادىلەيدىغان «روھىيەت تىل - يېزىقى»، «روھىيەت تامغىسى» قىلىشتى.

4

پەيدا بولۇش ئىلمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇسسۇل دەسلەپتە سەنئەت تەرىزىدە ئەمەس، سەنئەت قارىنىدا ياكى سەنئەتنىڭ گۈلشەنىدە ئەمەس، سەنئەتنىڭ «ئۆزى ئۈچۈن نەرسە» ياكى «ئەركىنلىك ئالىمى» دا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى تەرىزىدە، تۇرمۇش ـ ئىشلەپچىقىرىش ۋە دىنىي سېغىنىش قارىنىدا ياكى سەھنىسىدە، «ئۆزىدە نەرسە» ياكى سەنئەتكە نىسبەتەن «مۇقەررەرلىك ئالىمى» دە مەيدانغا كەلگەن. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، ئۇسسۇل يەنىلا ئىپتىدائىي ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ روھىي قانىتى شەكلىدە، ئىپتىدائىي ئىنسانىنىڭ تۇنجى ئۆز-ئۆزىنى ئىختىرا قىلىشى، تۇنجى ئۆز سۇبيېكتىنى سىرتلاشتۇرۇشى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇسسۇل ئىپتىدائىي ئىنسانىنىڭ ئۆز قەلبىدە ھاسىل قىلىنغان روھىيەت بۇلاقلىرىنىڭ تاشقىنى، بۇ تاشقىننى بەدەن تىلى، قىياپەت ۋە ھېسسىياتى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدىغان سىگناللىق سىستېما شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇ تېخى سەنئەت مەنىسىدىكى ئۇسسۇل بولماستىن، بەلكى تۇرمۇش ۋە روھىيەت جەملەنگەن ھېسسىياتچان پىكىرنىڭ فونتانى ئىدى. كىشىلەر ئۇ چاغدا ئۇسسۇلنى بەدىئىي زوقۋاستىسى دەپ ئەمەس، بەلكى رېئال ۋە ئەپسۇنكار تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى دەپ تەقەززا قىلىشقان.

قۇياشقا سېغىنىش مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھى روھىيىتىدە مۇقەددەس ئېتىقاد ۋە كوللېكتىپ پائالىيەت ھېساپلانغان. قازاقىستاننىڭ ئالما ئاتا شەھىرى يېنىدىكى «تامغىلىق» قىيالىرىغا بەھەيۋەت قوتاز ئۈستىگە چىقىۋالغان قۇياش ئىلاھى (1- رەسىمگە قاراڭ)، ئانتروفومورفىزىم(ئىنسان قىياپەتلىك




(1-رەسىم)

تەسۋىرلەنگەن)شەكلىدىكى قۇياش ئىلاھى، ئىنسان- ئۆسۈملۈك قىياپىتىدىكى قۇياش ئىلاھى(2- رەسىمگە قاراڭ) كۆرۈنۈشلىرى چېكىلگەن.

ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي تاغ تىزمىلىرىغا بىۋاسىتە قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقان يالغۇز كىشىنىڭ ئوبرازى چېكىلگەن (3- رەسىم). يۇقىرىقىلار مەركىزىي ئاسىيا قۇياش ئېتىقادىنىڭ قىيا سىزمىلىرىدىكى بىر قىسىم تارىخىي ئۇچۇرى.

بىز ئۆزبېكىستاننىڭ بۇخارا- سەمەرقەند ئارىلىقىدىكى نەۋائىي شەھىرى يېنىدىكى

سەرەمش تېغى قىيالىرىغا چېكىلگەن قۇياشقا سېغىنىش پائالىيىتىنىڭ رەسمىي ئۇسسۇللۇق مۇراسىم شەكلىنى ئالغانلىقىنى كۆرىمىز (4-




(2 - رەسىم)

رەسىمگە قاراڭ). بۇ قىيا رەسىمدە خۇددى تامغىلىق قىيالىرىدىكى ئادەم قىياپەتلىك قۇياش ئىلاھىغا ئوخشاش نۇرانە پىگورا ئالدىدا قوللىرىنى «ئىلتىجا» شەكلىدە ئېگىز كۆتۈرگەن بىر توپ كىشىنىڭ ئارقىلىرىغا قۇيرۇق بېكىتىپ سېغىنىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم «ساما» ئۇسسۇلى كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىر نەمۇنىسى بولۇشى مۇمكىن. خۇددى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قۇياشقا چوقۇنۇش مەزمۇن قىلىنغان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش قىرغىزىستان- ئۆزبېكىستان ئارىسىدىكى .



(3 - رەسىم)



(4 - رەسىم)

پەرغانە- جالالئاباد يېنىدىكى سايمالىتاش قىيالىرىغا چېكىلگەن.

## 5

مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھى پۈتكۈل ئىپتىدائىي ئىنسانىيەتكە ئوخشاشلا تۇرمۇشنىڭ بىۋاسىتە تەقەززالىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوۋچىلىق، ئۆي ھايۋانلىرى كۆندۈرۈش، كوللىچىلىق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن بىللە، يەنە ئۆز نوپۇسىنى كۆپەيتىش، ئاياللار ۋە بالىلارنى ئاسراش پائالىيىتىنى مۇقەددەسلەشتۈرگەن. روشەنكى، ئۆز نەسلىنى كۆپەيتىش، نوپۇسىنى كۆپەيتىش بىلەن چەكسىز ھايۋانات دۇنياسىدا خاتىرجەملىك تېپىش ۋە ئۆزىنىڭ تەبىئەت ھەم باشقا قەبىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى ئۇستۇنلۇك مەۋقەسىنى مۇستەھكەملەش، باشقا ئۇرۇقلار بىلەن تۈركۈملۈك نىكاھنى يولغا

قويۇش- ئەينى زامان قاراشلىرىدا مۇقەددەس ئەخلاق قىممىتى ھېسابلانغان.


ئالتاي ۋىلايىتى چاغانتوقاي ناھىيىسى باردا-كۆل قىيالىرىدىغا نەسىل مۇقەددەسلىكى ۋە جىنسىي ئېتىقاد گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەر-ئاياللارنىڭ يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشى چېكىلگەن (5- رەسىمگە قاراڭ). بۇ قىيا رەسىمدە بېشىغا مۈڭگۈز تاقاپ، نىقابلانغان بىر كىشىنىڭ



(5 - رەسىم)

قولىغا ئىككى تاش ئېلىپ، ئەتىنى قويۇپ بېرىپ تاغ تېكىسىنى قوغلاۋاتقانلىقى، باشلىرىغا ئۆكە، ئارقىسىغا قۇيرۇق قادىغان ئەر-ئايالنىڭ نىكاھلىنىشۋاتقانلىقى، ئاستىنقى قاتارغا بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت بىلەن جىنسىي خاھىشنى ئىپادىلەۋاتقانلىقى سۈرەتلەنگەن. باردا كۆلدىكى بۇ ئۈچ تۈركۈم رەسىم ئۇۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، توپۇس ئېتىقادى ۋە ئۇسسۇللۇق قىياپەتتىكى جىنسىي خاھىش ئىپادىلەشنىڭ بىر زاماندا بىر گەۋدە قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

يېقىندا ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي شىمالىي يۆنىلىشىدىكى قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ قىزىليار (كاڭجياشى مىنزى) قىيا رەسىملىرىدە يالىڭاچ ئەۋلاد كۆپەيتىش مۇراسىمىغا ئائىت 200 - 300 پارچىدىن ئارتۇق ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر بايقالدى (6- رەسىمگە قاراڭ). ئالاھىدە قورغان شەك-



(6 - رەسىم)

لىدىكى قىزىل قىيالىق، بىرىك بارىقانلىق ۋە سېھرىي تۈسالىق بۇ جاي ئېھتىمال قەدىمكى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ مۇقەددەس مەشرەپ ۋە دىنىي ئىستىقامەت قارارگاھى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

قىياغا چېكىلگەن رەسىملەردە ئەر-ئايال پىگورلىرى بىر خىلى چوڭ، بىر خىلى ئۇششاق قىلىپ ئىشلەنگەن. ئەركەك جىنسى مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن. بىر جۈپ قوشۇلۇش مۇھىتىدىكى ئات ۋە بىر جۈپ قوشۇلۇش ھالىتىدىكى يولۋاس رەسىمىنى سىزىش ئارقىلىق، جىنسىي قوشۇلۇش ۋە نەسىل كۆپىيىشنىڭ ئالەمشۇمۇل مۇقەددەسلىكى تەبىئەت ئىلاھىيچىلىقى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئوتتۇرىدا ئەر-ئايال ئىككى باشلىق مەركىزىي ئادەم ئوبرازى چېكىلگەن. ئادەملەر يالىڭاچ، ئۇچبۇرجەك كۆكسى، قوللىرى سەرمىش تېخىدىكى قۇياشقا ئېتىقاد كۆرۈنۈشلىرىدىكىدەك ئاسمانغا سوزۇلماستىن، بىرى باشقا يېقىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىرى بەلگە قويۇلۇپ، ھازىرقى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى قىياپىتىگە ئوخشاش

بولغان.

قىزىلىياردىن جىنسىي ئېتىقاد ئۇسسۇللۇق مۇراسىم كۆرۈنۈشلىرىنىڭ تېپىلىشى مەركىزىي ئاسىيا ئۇسسۇللىرىنىڭ، ھېچ بولمىغاندا ئىپتىدائىي پولوگامىيە (كۆپ نىكاھلىق) پائالىيىتى ئىپادىلەنگەن ئۇسسۇللارنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەنلىكىنى، ئىپتىدائىي ئۇسسۇللارنىڭ، بولۇپمۇ ئىشقىي ئۇسسۇللارنىڭ شەكىللىنىش جەريانلىرىنى، مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇسسۇللۇق قىياپەت ھاسىل قىلىشىنىڭ ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت شەكىللىرىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشنى ئەمەلىي مەنبە بىلەن تەمىنلىدى.

ئېيتىش كېرەككى، كېيىنكى زامانلاردا جىنسىي مۇراسىملار «مول ھوسۇل مۇراسىملىرى»غا ئايلاندى. تۇغۇت، باللار ھامىيلىرى ھېسابلانغان ئۇماي، لاكشمى («ئۇز تەڭرى») قاتارلىق گۈزەل ئايال ئىلاھلار مول ھوسۇل، بەخت مەبۇدلىرى بولۇپ قالدى. پروفېسسور ل. ئى. رېمپېل ئەپراسىياپ خارابىسىدىن مول ھوسۇل سەيلىسىدە سىمۋول قىلىنىدىغان «فاللى» (جىنسىي ئەزا شەكلىدە ياسالغان نەرسە) تېپىلغانلىقىنى يازغان.

بىز توي مۇراسىملىرىدىمۇ مۇھەببەتلىشىدىغانلارنىڭ ئۆز ئارا تونۇشۇشى يوللۇقلۇقىنى كۆرىمىز. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە يەككە نىكاھ تۈزۈمى شەكىللەنسىمۇ، توي مۇراسىمى ئىلگىرىكى ئەنئەنىلەرنى ئۆزگەرگەن شەكىلدە داۋاملاشتۇردى. ئۇيغۇرلاردىكى توي مۇراسىم قوشىقى «ۋاي، ۋاي ئۆلەك» - قومۇل خەلق مۇقاملىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى «ئۇلۇغدۇر» (ماھادۇر) مۇقامىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. ئۇنىڭدا:

«ۋاي، ۋاي ئۆلەك، ۋاي ئۆلەك،
يار قايدىدۇر، يار-يار؟
بىر ياخشىغا بىر يامان
ھەر جايدىدۇر يار-يار!»

دېگەن ئەن (ناخشا) كۈيلىنىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي 15- ئەسىردە يازغان ئاخىرقى داستانى «سەددىي ئىسكەندەر»دە ئىسكەندەرنىڭ بىر قېتىمدىلا رەۋشەنە ۋە ناز مېھرگە ئۆيلەنگەن تويدا «ئۆلەن» ناخشىسى كۈيلەنگەنلىكىنى مۇنداق يازغان:

«مۇغەننى تۈزۈپ چاك ۋەزنىدە چاك،
ناۋا چەكتى: ‹ھەي، ھەي ئۆلەك، جان ئۆلەك›.
دېسەك سېكەن جان قەردىشىم يار-يار،
مەن ئەيتايكى، مۇڭلۇق باشىم، يار-يار.»

بۇنداق جىنسىي مۇراسىم، نورۇز مۇراسىمى، مول ھوسۇل مۇراسىمى، نىكاھ مۇراسىملىرى تەبىئىي ھالدا ئۇسسۇل (بۇدۇك) دىن خالىي بولمىغان، ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە تىياتىر ئامىللىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئارستوتېل «پوئېتىكا» ناملىق كىتابىدا كومېدىيە تارىخىنى يۇقىرىقىدەك تارىخىي ۋە ئەيشى-ئىشرەت مۇراسىم- سەيلىلىرىگە باغلايدۇ.

## 6

مەركىزىي ئاسىيا قىيا رەسىملىرىدىكى مول ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر ئۇسسۇلنىڭ بارغانسېرى ئىشلەپچىقىرىش، دىنىي ئېتىقاد بىلەن بىللە، ئۇنىڭ بىر روھىيەتتىكى تامغىسى بولۇشتىن، بارغانسېرى كىشىلەرگە ئىتتىپاقلىق، روھىي لەززەت بېغىشلايدىغان مەنىۋى پائالىيەت بولۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

قازاقىستان جامبۇل ئوبلاستى قارا تاۋ قىيالىرىغا سىزىلغان رەسىمدە (7- رەسىمگە قاراڭ) ئىتتىنى كۆندۈرۈپ ئوقيا بىلەن ئوۋچىلىق قىلىدىغان دەۋردىكى پۇت- قوللىرىنى رېتىمگە چۈشۈرۈپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش چېكىلگەن.

بىز تاشكەنت چىرچىق رايونى مەيدانتال

قىيالىرىغا ئىپتىدائىي ئوۋچىنىڭ ئوۋچىكە شەك-
لىدىكى قىياپىتى چېكىلگەنلىكى(8-رەسىمگە
قاراڭ)نى، نامازدىگەر تېپەددىن تېپىلغان



(7-رەسىم)


يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ساپالغا ئۇس-
ۇلچى ئوبرازى سىزىلغانلىقىنى كۆردۇق



(8 - رەسىم)

(9- رەسىمگە قاراڭ).

بىز نەۋائىي شەھىرى يېنىدىكى سەردەش
تاغ قىياسىغا چېكىلگەن قوياشقا چوقۇنۇش
مۇراسىمى رەسىمى يان ئاستى تەرىپىدە
ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئىككى ئەركەكنىڭ كۆرۈ-
نۈشى (10-رەسىمگە قاراڭ)نى كۆردۇق. خۇددى



(9 ،- 10 - رەسىم)

مۇنىڭغا ئوخشاپ كەتكەن كۆرۈنۈشتىكى
ئىككى ئەركەكنىڭ ئۇسسۇللۇق ئوبرازى
پەرغانە جالالئاباد يېنىدىكى سايمالىتاشتا
چېكىلگەن قوياشقا ئېتىقاد قىلغان مۇراسىم
ئۇسسۇلى يان ئاستى تەرىپىدە تەكرا كۆزگە
تاشلىنىدۇ.


بىز يەنە سايمالىتاش قىيالىرىدا مىلاددىن
2-3 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي كالا
ھارۋىلىرى چېكىلگەن جايغا ئۇسسۇلغا چۈشكەن
ئىككى ئادەم پىگورىنى ك(11- رەسىمگە



(11 - رەسىم)

قاراڭ) چېكىلگەنلىكىنى كۆردۇق. بۇنداق
ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر چاغانتوقاي باردا-
ئۇل قىيالىرىغا (12-رەسىمگە قاراڭ)،قازاقىس-
تان سايغانباي قىيالىرىغا، ئىچكى موڭغۇل

چوغاي تاغلىرى قىيالىرىغا (13- رەسىمگە



(12 - رەسىم)



(13 - رەسىم)


قاراڭ)كۆپلەپ چېكىلگەن.

7

بىز مەركىزىي ئاسىيا قىيا رەسىملىرىدە قول تۇتۇشۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشنى چىڭخەي (كۆكنۇر) نىڭ داتۇڭ ناھىيىسى سۇڭجيازەي يېزىسىدىن تېپىلغان مىلادىدىن 3000 يىل



(14 - رەسىم. تاشكەنت چىرچىق مەيدانىتال قىيالىرىدىكى قول تۇتۇشما ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش)



(15 - رەسىم. ئالتۇنتاغ ئېتەكلىرىدىكى مۆلچەر دەريا قىيالىرىغا سىزىلغان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر)

ئىلگىرىكى ساپال تاۋاقتا سىزىلغان بەش كىشىلىك قول تۇتۇشما ئۇسسۇل كۆرۈنۈشىدىن، چوغاي قىيالىرىدىكى دائىرە ئىچىگە چېكىلگەن (13 - رەسىمگە قاراڭ) تۆت كىشىلىك قول تۇتۇشما ئۇسسۇل كۆرۈنۈشىدىن، چىرچىق مەيدانىتال (14 - رەسىمگە قاراڭ)، مۆلچەر دەريا (15 - رەسىمگە قاراڭ) قىيا رەسىملىرىدىكى تۆت كىشىلىكتىن قول تۇتۇشما ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردىن روشەن كۆرىمىز.

ئەگەر بىز ئالتاي ۋىلايىتى كۆكتوقاي ناھىيىسى قىيا رەسىملىرىدىكى بېشىغا ئۆكە قادىۋالغان ئۇسسۇلچى ئارقىسىدىكى تۆت ئۇسسۇلچىنى، ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدىكى ئۆكە قادىغان ئۇسسۇلچى ئارقىسىدىكى تۆت ئۇسسۇلچى (16 - رەسىمگە قاراڭ)نى



(16 - رەسىم)


ۋە جىيايۈيگۈەن قۇۋۇتى يېنىدىكى خېشەنخۇ قىيا رەسىملىرىدىكى ئۆكە قادىغان بەش ئۇسسۇلچى (17 - رەسىمگە قاراڭ) نى يۇقىرىدىكى قول تۇتۇشما ئۇسسۇلچىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇسسۇل

كېيىنچە مەلۇم كۆرۈپپىلىق تۈزۈلمىدە



(17 - رەسىم)






(18 - رەسىم. باش شامان ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى)

ئوينالغان ياكى ئۆگىتىلگەنلىكىنى قىياس قىلىمىز. بۇنىڭغا سىبىرىيىدىكى قاي - گورودوك (قاي - شەھەرچىسى) دىن 1905 - يىلى ئوكلادنىكوۋ تاپقان برونزىدا ياسالغان باش شامان ۋە شامانلار قول تۇتۇشقان تەسۋىرى كۆرۈنۈش (18 - رەسىمگە قاراڭ) نى ياندىشتۇرۇپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

بىز چوغاي (13 - رەسىم)، چىرچىق (14 - رەسىم)، مۆلچەر دەريا قىيالىرى (15 - رەسىم)، كۆكتوقاي قىيالىرى (16 - رەسىم)، خېشەنخۇ (17 - رەسىم)، قاي - گورودوك (18 - رەسىم) پىگورىلىرىدا بېشىغا ئۆكە، مۈڭگۈزسىمان پەر تاقىغان، ئارقىسى (قىسمەن) غا قۇيرۇق قادىغان ئادەم قىياپەت - لىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. بۇ خېشەنخۇ ۋە مۆلچەر دەريا قىيا رەسىملىرىدە روشەن گەۋدىلەنگەن.

## 8

مەركىزىي ئاسىيا قىيا رەسىملىرىدە شامان - باقشىلارنىڭ ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئالما ئاتانىڭ غەربىدىكى



(19 - رەسىم)

تامغىلىق قىياسىغا چېكىلگەن شامان پىگورىسى (19 - رەسىمگە قاراڭ)،

بايقال ـ ساقان سابا قىيالىرىغا چېكىلگەن



(20 ـ رەسىم)

شامان (20 ـ رەسىمگە قاراڭ)، ئوكلادنىكوۋ 1905 ـ يىلى سىبىرىيەدىن تاپقان شامان شەكلىدىكى قىياپەتلىك رەسىم (21 ـ رەسىمگە قاراڭ)، لېنا دەريا قىيالىرىغا



(21 ـ رەسىم)

سىزىلغان بۇغا كىيىملىك شامانىنىڭ بىر هايۋاننى قۇربانلىق قىلىپ (دۇم كۆمتۈرۈپ) ئاق چەمبەر بىلەن قارا چەمبەرگە ئوقۇۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن قىيا رەسىمى (22 ـ رەسىمگە قاراڭ)، 1905 ـ يىلى ئوكلادنىكو سۈرەتلىۋېلىشكەندىن تاپقان برونزا شامان پەيكىرى (23 ـ رەسىمگە قاراڭ)، قاي ـ گۈرو دوكتىن تېپىلغان ۋە سانكت پېتېربورگ ئېرمىتاژدا ساقلانغان ئۈچ شامان پەيكىرى چاپشۇرۇلغان ھەيكەل ئاساسەن (24 ـ رەسىمگە قاراڭ) قاتارلىقلار

شامان ـ باخشى پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇسسۇل ـ ئويۇن قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.



(22 ـ رەسىم)


شۇنى ئېيتىش لازىمكى، مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسان گۇرۇھىنىڭ روھ ـ نىڭ ئۆلمەسلىكى، ياخشى ـ يامان روهلار، ئىنساننىڭ تەبىئەتكە پاسسىپ ئىتائەتچىلا بولماي، يەنە شامانلار ئارقىلىق ياخشى روهلارنى چاقىرىپ، يامان روهلار، جىن ـ ئالۋاستىلارغا قارشى پائالىيەتچانلىق كۆرسىتىشى توغرىسىدىكى قاراشلىرى شامان ـ پېرىخونلۇقنى ۋە ئۇنىڭ ئويۇنكار ئۇسسۇللۇق پائالىيەتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى.



(23 ـ رەسىم)

شامانلار ئېتىقادىمۇ تۇرمۇشتىن قول ئۈزمىگەنلىكى ۋە فېئوداللىق دەۋرلەرگىچە ئۆز پائالىيىتىنى توختاتمىدى، ئۇلار روھى تۇرمۇشنىڭ داھىيلىرى، هادىسىلەرنى ئىزاھلاشنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرى، مۇراسىم

باشقۇرغۇچىلار، ئەڭ دەسلەپكى كاھىنلار ئىدى. شامانلار قولىغا داپ تۇتۇپ، خەنجەر تۇتۇپ (20 - رەسىمگە قاراڭ)، ئوت - چاچاتقۇ چېچىپ، بىر ئۇسسۇلى ئويناپ ۋە



(24 - رەسىم)

ئوينىتىپ، ئەپسۇن ئوقۇپ، دۇئايى بەنت ۋە تەسىردىكەشلىك قىلىپ ئۇسسۇل، مۇزىكا، شېئىر (قوشاق)، ئەپسانە، تېبابەتچىلىك، يۇلتۇز بايقاش، چۈش جۈراش ھەتتا ئەڭ ئاددىي ئالخىمىيىنىڭ ئىزلىنى چىگىتتى.

ئاكادېمىك ۋ. ۋ. رادلوۋ جەنۇبىي ۋە غەربىي سىبىرىيە قىرغىز ئاھالىلىرى ئارىسىدا ساقلانغان شامانىزم ئەپسۇنامىلىرى، قونچاقلىرى، پائالىيەتلىرىگە ئائىت مەنبەلەرنى بىۋاستە توپلاپ، «شامانىزم توغرىسىدا» ناملىق كاتتا ماقالە يازغان ئىدى ①.

8

بىز مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئاھالە - لىرىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللار ئالدى - كەينىدە، ئاندورونوپ ۋە قەدىمكى دىنارلارنىڭ ئەۋلادى بولمىش ساك (ماساگېت، سارمات) قەبىلىلىرى تۈركۈملىرى برونزا ۋە ئاتلىقلار مەدەنىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان زامانلاردا يەرلىك قاراخان تەڭرىسى، مىترائىزم ئېتىقادى بىلەن ياسىغان لاي ۋە مېتال قونچاق (ھەيكەلچە) لەردە گۈزەل ئۇسسۇل - لۇق قىياپەتلەر ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. يايلاق مەدەنىيىتى ۋە دەسلەپكى شەھەر - قەلئە مەدەنىيىتىگە ئۆتكەن غوز - ساك قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى بىر قەدەر تەكەممۇللاشقان شامان (قامان) دىنى، زارا ئاستېرىزم دەستۇرى «ئاۋېستا» ۋە ئېپتىدائىي براھمانىزم ھەم بۇددىزم ئەپسانىلىرىگە دۇنيەۋىي يالداما تاشلاپ كەتكەن قاراخان تەڭرىسى ۋە مىترائىزم مەبۇدلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرما ئىكو - نولوگىيە (مەبۇدشۇناسلىق) لىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. يەككە - يېگانە قارىلىۋاتقان بۇ مەبۇدشۇناسلىق ۋە قەدىم - كى ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا فولكلور مەدەنىيىتى قاتلام نەزەرىيىسى ئاساسىدا سېلىشتۇرما تەتقىق قىلىنىدىكەن كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان ئاستىنقى قاتلام يىلتىزداشلىقى كۆز ئالدىمىزدا جىلۋىلىنىشكە باشلايدۇ.

ھېرودوتۇسنىڭ «تارىخ» («گرېك - پارس ئۇرۇش تارىخى») ناملىق ئەسىرىدە ② ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرىنىڭ گۈلخان يېقىپ ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئوتقا مېۋىلەر تاشلاپ، مېۋە دۈتىدە مەست بولۇپ، قوشاق ئوقۇپ، ئۇسسۇللار ئويناشقانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىنىڭ بىرى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار

① ۋ. ۋ. رادلوۋ: «سىبىرىيىدىن» 1989 - يىل رۇسچە نەشرى، 355 -، 481 - بەتلەرگە قارالسۇن.

② «تارىخ» 1 - قىسىم، 201 - بەت.

دىۋانى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق خاتىرى-
لەنگەن ئىدى:

«ئۆردەك باشى قازلىيۇ،
ساغراق تولو كۆزلەيۇ.
ساقىنىچ قودى كىزلەيۇ،
تۈن - كۈن بىللە سەۋلەنىم.»

(يەشمىسى: مەي ئۆردەكلىرى غاز بېشىدەك تىزىلدى، ساغراق قەدەھلەر مەيگە كۆزدەك لىق تولدى، قايغۇنى يوق قىلىپ، ئامرىقىم كەل، كېچە - كۈندۈز ئوينايلى.)



(25 - رەسىم. ئايىم - مۇراسىم تەسۋىرىدىكى تام رەسىملىرىدىن بىرى. قوڭغۇر چاچ ئايال گۈلخان تۇتاشتۇرماقتا)

بىز شىنجاڭنىڭ بىر قانچە قىيا رەسىملىرىدە سىزىلغان «卐» (ئوت) بەلگىلىرىنى كۆرىمىز. ئوتقا چوقۇنۇش، ئوت شەكىللىك موللاق ئېتىپ ئۇسسۇل ئويناش، ھەر خىل ئوت ماھارەتلىرىنى - ئوتتىن ئۆتۈش، ئوت پۈركەش قاتارلىق سېرك - تىياتىر شەكىللىك ئويۇنلارنى كۆرسىتىش مىلادىيدىن خېلى ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئارريان «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى (ئانا بازىس ئالېكساندىر)» ناملىق كىتابىدىمۇ ئىسكەندەر قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرگەندە يەرلىك خەلقنىڭ خۇددى گرېكلاردىكى «دىئونىس» بايرىمىدەك بايراملىرى بارلىقىنى تىلغا ئالغان ①. مەھمۇد قەشقەرى ئۆز كىتابىدا دەلىل كەلتۈرگەن:

«يەگىتلەرىك ئىشلەتۈ،
يىغاچ، يەمىش ئىرغاتۇ،
قۇلان، قەيىق ئاۋلاتۇ،
بازرام قىلىپ ئاۋنەلىم.»

يەشمىسى:

يىگىتلەرنى ئىشقا سالايلى،
دەرەخلەردىن مېۋىلەر ئىرغىتايلى.
قۇلان، كىيىك ئوۋلىتايلى،
بايرام قىلىپ ئوينايلى.)

دېگەن قوشاقتا ھەردو تۈس ۋە ئارريان تىلغا ئالغان بايرام - مەشرەپلەر خەلق تىلىدا كۈيلەنگەن. بۇنداق «بايرام قىلىپ ئوينايدىغان» سورۇننىڭ ئۇسسۇلسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ف. ئېنگېلس توغرا ئېيتقان: «ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆز رەسمى بايراملىرى ۋە مۇئەييەن سېغىنىش شەكلى - ئۇسسۇل ۋە ماھارەت مۇسابىقىلىرى بولىدۇ؛ بولۇپمۇ ئۇسسۇل بارلىق دىنىي مۇراسىملارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان.»②

مەركىزىي ئاسىيادا ئۇۋچىلىق غەلىبىلىرىنى تەبرىكلەش مۇراسىملىرى، تېرىقچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن تەدرىجىي «نورۇز» سەيلىلىرى مەيدانغا چىقتى. ئارقىدىنلا

① «ئانا بازىس ئالېكساندىر» I، II. ② «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»دىن ئېلىندى.

كۆزلۈك يىغىمدىن كېيىن، ئاخىرقى يىغىم بولغان ماشقا قارىتىلغان «ماش ئاپا» سەيلى ئويۇنلىرى شەكىللەنگەن. «تۈركىستان خەۋەرى» گېزىتىنىڭ 1906 - يىللىق 175 - سانىدا سەمەرقەند يېنىدىكى «دەرغ» يېزىسىدا كەچقۇرۇن چىراغلار يېقىپ، چالغۇ چېلىپ، قوشاق - بېيت ئوقۇپ، جۈپتەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ مەشرەپ قىلىنغانلىقىنى، بۇنى «ماش ئاپا» دەپ ئاتىغانلىقىنى يازغان.

پاكىتلار، ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنىڭ كىرىشىدىن ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىيادا ئۆز ئالدىغا ئېتنىك تۈس تۈزگەن مۇستەقىل ئۇسسۇللۇق فولكلور سىستېمىسىنىڭ خېلىلا راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

## 9

ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيادا مىترائىزم ۋە شامانىزم گۈللەنگەن زاماندا - مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردە ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى تۈپەيلى ئېللىنىزم مەدەنىيەت ھادىسىسى يۈز بەردى. بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى روياپقا چىققىچە بولغان تارىخىي جەرياندا يەرلىك پىگورىلار بىلەن بىللە ئېللىننىڭ (گرېك) پىگورىلار بىلەن مەۋجۇت بولۇش ۋە قىسمەن سىنكرېتلىشىش (ئارىلىشىش) بولۇپ تۇردى.

بىز خوتەن - يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان، ھازىر سانكت پېتېربورگ ئېرمىتاژ ۋە توكيو دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان، مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىگە مەنسۇپ دېيىلگەن ساپال ئىدىشقا قوپارتمىلىق ھەيكەل شەكلىدە ئىشلەنگەن پىگورىلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا (26 - رەسىمگە قاراڭ) بۇ پىگورىلارنىڭ مايمۇن ۋە قىزىقچى كۆرۈنۈشتە چالغۇ چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بىزدە بۇ خۇددى مەھمۇد قەشقەرى توپلىغان قەدىمكى قوشاقلاردىكى مەي كوزىلىرى بولسا كېرەك دېگەن پىكىرنى تۇغدۇرىدۇ. ئېيتىش مۇمكىنكى، بۇ پىگورىلار يوتقان ساكلىرىنىڭ بۇددىزمدىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنىڭ بەدىئىي مېۋىسى.



(26 - رەسىم)

بىز يەنە ئۆزبېكىستاننىڭ ئەفراسىياب خارابىلىرىدىن خۇددى يوتقان خارابىلىرىدىن چىققان مۇزىكانت شەكىللىك فىگورىلارنىڭ كۆپلەپ تېپىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما، ئۇلار ئارىسىدا تولىسى ئىنسان قىياپىتىدە ئىشلەنگەن.

1954 - يىلى پودولىسكىي قىرغىزىستاننىڭ پەرغانىگە يېقىن قارا بۇلاق دېگەن يېرىدىن برونزىدا ياسالغان ئايال ئۇسسۇلچى ھەيكىلىنى تاپتى (27 - رەسىمگە قاراڭ). برونزىدا ئىشلەنگەن بۇ ئۇسسۇلچى فىگورىسى، جۈملىدىن ئايرىتامدىن تېپىلغان ئۇسسۇلچىنىڭ ياغاچ ھەيكىلى (28 - رەسىمگە قاراڭ) مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 10

گەرچە زامان جەھەتتىن بۇددىزم سەنئىتى قەندىھار ۋە كۇسەن، شورچۇقلارغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىغان ۋاقىتتىن كېيىنرەك ماۋرائۇننەھر سوغدى رايونلىرىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا خاس مەركىزىي ئاسىياچە ئالاھىدىلىكىنى ساقلىغان بىر قاتار ئۇسسۇللۇق تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرى ھەرخىل ئاخىرەتلىكلەرگە سىزىلغان.

بىز تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى «دانىش» ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان، سوغدىلارنىڭ ساپالدا ياسالغان جەسەت ساندۇقى سىرتىغا ئاددىي يوسۇندا ئىشلەنگەن ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش (29 - رەسىمگە قاراڭ) بىلەن تاشكەنت دارىلفۇنونى ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىدا ساقلانغان، قاشقار دەريا ئوبلاستى يەككە ئابات رايونىنىڭ بېزرك① دېگەن يېرىدىن تېپىلغان ساپال جەسەت ساندۇقىنىڭ يان ۋە ئۇزۇن يۈزىگە ئويۇپ ئىشلەنگەن سازەندە ۋە ئۇسسۇلچى فىگۇرىدىن يالغۇز ئەينى زامان سوغدى ساكلىرىنىڭ ئۇسسۇللۇق قىياپىتىنى كۆرۈپلا قالماي (30 - رەسىمگە قاراڭ)، يەنە




(27 - رەسىم)

سىكىتاي، ساك، تۈرك، توخرى خەلقلىرىنىڭ جەسەت ساندۇقى، بالبال، جەسەت كۈلى تۈزتىمىسا ئۇسسۇل، مۇزىكا، دراماۋە مەي تۇتقان ھالەتتە تەسۋىرىي ئوبراز قالدۇرۇش ئەنئەنىسىدىكى ئىزچىللىقىنى كۆرىمىز. بۇندىن تېپىتىكى، ئەمما تەسۋىرىي فىگۇرىلىرى ئۆرە تۇرۇپ ساز چالغان ۋە ئۇستىگە بەقەسەم تون كىيىپ، بېلىگە پوتا باغلاپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان شىكىل چۈشۈرۈلگەن ساپال جەسەت ساندۇقى قېلىپى قاشقار دەريا ئوبلاستى يەككە ئابات رايونىنىڭ ئۆز قىشلاق دېگەن يېرىدىن تېپىلمان. بىز يەنە سەمەرقەند ئوبلاستى ئاق دەريا رايونىنىڭ مولىلا قورغان دېگەن جايىدىن تېپىلغان ئۇچلۇق ئوۋاقلىق ساپال جەسەت ساندۇقىدىن يەنىلا ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشىنى كۆرۈۋالالايمىز. جەسەت ساندۇقى قۇياش ۋە



(23 - رەسىم)



(29 - رەسىم)

ئوتقا چوقۇنۇش ئادەتلىرى بويىچە ئوبرازلاشتۇرۇلغان (31- رەسىمگە قاراڭ). مەن 1983-يىلى سەمەرقەند ئەپراسىياب مۇزېيىسىغا قويۇلغان مۇنداق جەسەت ساندۇقلىرىدىن بىرقانچىنى كۆردۈم (32 - رەسىمگە قاراڭ) ۋە 1986-


① شەھرىسە بىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

يىلى تۇكيو دۆلەتلىك مۇزېيىدىمۇ ئۇنىڭ باشقا نەقىشلىرىنى كۆردۈم. دىققەتكە سازاۋەرى شۇكى، كۇچا سۇ بېشىدىن تېپىلىپ، تۇكيو دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلانغان، ياغاچتا




(30 - رەسىم)

ياسالغان جەسەت كۆلى قۇتىسى گەرچە بۇددىزىم دەۋرى مەھسۇلى بولسىمۇ، ئۇنى يەنىلا



(31 - رەسىم)

ئەنئەنىۋى مۇزىكا، ئۇسسۇل، دراما كۆرۈنۈشلىرىنى ئاخىرەتلىككە سىزىپ قالدۇرۇش ئادىتى بويىچە ئىشلەنگەن. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، 1985 - يىلى چەرچەن ناھىيىسى زاغۇنلۇق يېزىسىدىن تې-پىلغان، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللاردا دەپنە قىلىنغان بوۋاق بالىنىڭ جەسىتىنىڭ بېشىنىڭ سول تەرىپىگە كالا مۈڭگۈزىدە ياسالغان جام (قەدەھ) قويۇلغان. دېمۇنىس باي-



(32 - رەسىم)

راملىرىنى تەنتەنىلىك خاتىرىلەپ كەلگەن گىرىكلاردىمۇ بۇ ئەنئەنە ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىدەك كۈچلۈك ئىزچىللىققا ئىگە بولمىغان ئىدى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «مۇڭ (مەرسىيە)» مۇراسىملىرى يىغا، ناخشا، ئۇسسۇللۇق ماتەم پائالىيەتلىرىدىن ئايرىلمىغان. پەنجىكەنت تام رەسىملىرىنىڭ بىرىگە تاۋۇتتا ياتقان قىز، ئەرۋاھ قاراۋۇلى، ئۈچ ئايالنىڭ جەسەت يېنىدا چاچ يۇلۇۋاتقانلىقى، تاۋۇت كۆتۈرگۈچىلەر ئارىسىدا بىرسىنىڭ مەي كۈزىسى كۆتۈرۈۋالغانلىقى، ئەتراپتىكىلەر ئۇسسۇللۇق ماتەم پائالىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقى سىزىلغان (33 - رەسىمگە قاراڭ). بۇنداق «مۇڭ» كۆرۈنۈشى «جەمشىيول تاۋارىخ» كىتابىدىكى 1654 - يىلقى نۇسخىسى 195 - بېتىدە، خاقانىيە خانلىرىدىن بۇخارانى ئىلامشقا چىققان ئىلىك بۇغراخاننىڭ 992 - يىلى قازا قىلغانلىقى، جىنازا مەيىتىنى يۆتكەپ كېتىۋاتقاندا، بىرسىنىڭ ئۈستۈنكى كىيىمىنى يىرتىپ يالىڭاچ ھالەتتە ماتەملىك ھەرىكەتتە بولۇۋاتقانلىقى سىزىلغان (34 - رەسىمگە قاراڭ).


بىز بۇخارا ئەتراپىدا تاكى 10 - ئەسىرگىچە

«سىياۋۇش مۇڭى» («كونى سىياۋۇش») داۋام قىلغانلىقىنى (مۇھەممەد نارشاھى: «بۇخارا تارىخى» 1897 - يىل كۆچۈرمىسى 33. بەت)؛ ئەپراسىياپقا يېقىن پەنجىكەنت تام



(33 - رەسىم)

رەسىملەردىكە سىياۋۇش ماتەم مۇراسىمى سىزىلغانلىقىنى (ئا. بېلېنىسكىي: «پەنجىكەنت




(34 - رەسىم)

رەسىملەردىكى بىر قانچە سىيۇژىت ھەققىدە» 1965- يىل نەشرى)؛ خارەزمدىكى ساپىال ئىدىشلاردا بۇ سىيۇژىت ئىپادىلەنگەنلىكىنى (س. پ. تولىستوۋ «قەدىمكى خارەزم»، 1948- يىل نەشرى، 201 - بەت) كۆرىمىز.

11

بىز كوشان (ئۇلۇغ يۇرچى) خانلىقى دەۋرىدە بىر تەرەپتىن يەرلىك مەركىزىي ئاسىيا ئەنئەنىۋى سەنئىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يەنە بىر تەرەپتىن گرېك - باكتىرىيا دەۋرىدە ۋە كېيىنچە ھىندىستان بۇددىزمى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن گرېك - بۇددا سەنئىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرىمىز. بۇ چاغدا دەسلەپ قەندىھارنى، كېيىنچە كوسەننى ئۆلگە قىلغان بۇددىزم تاشكېمىر سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىقى ۋە تەسۋىرىي سەنئىتى راۋاجلاندى. مۇزدىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئەتلىرى شەھەر قەلئەلىرىدە، خەلق ئېتىنىك تۇرمۇش بويۇملىرىدا بىۋاسىتە ئەنئەنىۋى شەكىلدە گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە تاشكېمىرلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇددا ئىستىقامەتخانىلىرىدا بۇددىزم ئەپسانىلىرىنى تاشقى شەكىل قىلىپ، ۋاسىتىلىق گەۋدىلەندۈرۈلدى. شۇنىسى روشەنكى، ھەر ئىككى ئەھۋالدا مىللىي ۋە مەھەللىۋى مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىرلار ئەنئەنىسى گەۋدىلەندۈرۈلدى.



(35 - رەسىم)

بىز تېرمىز يېنىدىكى زەر تېپىدىن، ئايرىتامدىن، سەمەرقەنت - ئەپراسىياپتىن، سەمەرقەنتنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پەنجىكەنتتىن، بۇخارانىڭ غەربىي شىمالىدىكى ۋاراخشادىن، خارەزمدىكى ئەنقاقالا، قوي قىرىلغان قالا، تۇپراق قالا قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەلئە - سارايلاردىن كۆپلىگەن مۇزىكا، ئۇسسۇلغا ئائىت ھەيكەل، فىگورا (قونچاق)، قاپارتمىلىق ھەيكەللەرنىڭ تېپىلغانلىقىنى كۆردىمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىزگە روشەن بولغىنى زەر تېپىدىن تېپىلغان 1-ئەسىرگە ئائىت ئۇسسۇلچى ھەيكىلىنىڭ باش - پۇتسىز گەۋدىسى (35 - رەسىمگە قاراڭ)، ئايرىتام خارابىسىدىكى قەسىر تاملىرىغا ئىشلەنگەن ئايال سازەندىلەرنىڭ قوپارتمىلىق ھەيكەل ئوبرازلىرىدىن ئىبارەت (36 - رەسىمگە قاراڭ).



(36 - رەسىم))

ئايرىتام خارابىلىرىدا ساقلانغان، ياغاچتىن ئىشلەنگەن يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇلچى قىزنىڭ 1-، 2 - ئەسىرگە ئائىت ھەيكىلى دىققەتكە سازاۋەردۇر. ھەيكەل گەرچە بۇددىزم دەۋرى (ھەشەم بېزەك) ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن بولسىمۇ، مانىيزم ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل شەكلىنى گەۋدىلەندۈرگەن (37 - رەسىمگە قاراڭ).

دۇشەنبىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خەلچىيان قەلئەسىنىڭ ساراي تاملىرى، قوبۇلخانا تاملىرىغا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىردىكى بەربابچى قىز، گۈلچەمبەر كۆتۈرگەن ئۇسسۇلچى قىزلار، باللار، ئۇچار ئاتلار رەسىملىرى سىزىلغان.


خارەزمدىن، بولۇپمۇ ئۆرگەنچنىڭ شىمالىدىكى (ئامۇنىڭ شىمالىدىكى) تۇپراق قەلئەدىن س. پ. تولستوۋ 4 - ئەسىرگە ئائىت بەش تارلىق چالغۇ تۇتقان سازەندە ۋە ئۇتۈك كەيگەن ئەر بىلەن ئۇزۇن كۆڭلەكلىك قىزنىڭ ئۇسسۇللۇق تام سۈرىتىنى تاپقان.



(37 - رەسىم)

بىز سوغدى بىلەن ئوسرو شان ئارىسىغا، سەمەرقەنتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان پەنجىكەنت خارابىلىرىدىكى تام رەسىملىرىدىن رەڭدار ئىشلەنگەن مۇزىكا كۆرۈنۈشلىرىنى كۆردىمىز. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزبېكىستان ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى سەمەرقەنت شۆبىسىدە ساقلانغان. بىز بۇ تام رەسىملىرىدىن ئۇزۇن پۇرمە ئېتەك، كالتە يەڭ ئۇسسۇلچى ئاياللار كۆرۈنۈشىنى (38 - رەسىمگە قاراڭ)؛ ئۇزۇن چاچ، بېلىگە گۈللۈك پوتا باغلاپ، كۆڭلىكىنىڭ ئالدى ئوتتۇرىسىدىن گىرىلىك پۇتىنىڭ ئۇچىنى ساڭگىلاتقان ئۇسسۇلچى قىز

كۆرۈنۈشىنى (بۇ كۆرۈنۈش ھازىرقى ئۆزبېك ئۇسسۇلكىيىملىرىگە ئوخشايدۇ)؛ بې- شىغا كۇلا شەكىللىك باش كىيىمى كىيگەن، بوينىغا تاكى كىندىكىگە كەلگىچە ئۈچ بىرىدىن ھەم بويۇن-كۆكرەك بويلىغان ئاي شەكىللىك مارجان ئاسقان، قوللىرىدا نېپىز لېنتا رو-ماللار ۋە زەنگۈلە(قوڭغۇراق) قادالغان قېلىن رەختلىك دەسمال تۇتقان ئايال كۆرۈنۈشىنى؛


(38 - رەسىم)

مەرەپ شەكىللىك رامكىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سىۋا(siva)نىڭ چوقۇنىلغان رەسىمى ۋە ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يەرلىك قايىرمىلىقلىق، بېلىگە ئەگمەك خەنجىرى ئاسقان، بەرباب (39 - رەسىمگە قاراڭ) چېلىۋاتقان تەزدل كىيىملىك سازەندىنى، سول تەرىپىدىكى ئاق كىيىملىك سازەندە كۆرۈنۈشىنى ئۇنىڭ مىسالى قىلىشىمىز مۇمكىن. بۇ ئۇسسۇللۇق كۆرۈ- نۈشلەردە ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ بېشىغا نۇر چەمبىرىكى سىزىلغان بولۇپ، يەنىلا يەرلىك قىياپەت، كىيىم - كېچەك ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

تاجىكىستاننىڭ — ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە رايونىغا يېقىن پامىر ئېتىكىگە جايلاشقان بېزىدىق ئۆرە تۆپە دېگەن جاي- دىكى كاھكاھا ھەسار قەلئەسىنىڭ ① تام رەسىملىرىگە سىزىلغان چالغۇ چېلىۋاتقان سازەندىلەر ئوبرازى ھەققىدە نەغمەتوۋ كەڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئورۇنلاشقان ئوسروشانلىقلارنىڭ ئەفشان




(39 - رەسىم. سىۋا رەسىمى تولىمۇ چوڭ بولغاچقا پۈتى بېرىلدى)

سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەھسۇلات دەپ خۇلاسە

(1) خوجەنتنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشىدە

قىلدى. بۇ سۇلالە ئىسمائىل سامانىي (907 — 892) دەۋردىمۇ ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار كوشان بۇددىزمى تەسىردە ئۇچرىغان ئىدى. گەرچە بۇ تام رەسىملىرىنىڭ (40 ـ رەسىمگە



(40 ـ رەسىم)

قاراڭ) سازەندىلەرنى گەۋدىلەندۈرگەن قىسمى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، بىرىنچىدىن ئۇسلۇبلۇق كۆرۈنۈشتىن خالىي بولـ

مىغانلىقىنى، ئىككىنچىدىن ئەينى زامان ئۇسلۇب كېيىملىرى مەدەنىيىتىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

## 12

شۇنى قوشۇپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ شەرققە يۈرۈشى، گرېك ۋە ئىران، ھىندىستان، مەركىزىي ئاسىيا سەنئىتىدە دۇنيايىۋى سىڭگىرتىلىش قوشۇلۇشىنىڭ يۈز بېرىشى ئاساسىدا گرېك ـ مەركىزىي ئاسىيا ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن بەزى تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرى مەيدانغا كەلدى. كۇشان، ئارشاك (فارفىيە)، سوغدى، ساك ۋە كېيىنچە تۈركەش، قارلۇق رايونلىرىدا تېپىلغان ساپال ۋە كۈمۈش قاچىلاردا گرېك دىئونىس بايراملىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۈرۈن كۆرۈنۈشلىرى، گرېك دراماتورگلىرىنىڭ سەھنە كىتابىدىكى تىپىك مەيدان تەسۋىرى گەۋدىلەنگەن. بۇ خىل قاچىلار بىر تەرەپتىن گرېك مەدەنىيىتى ئۇزۇن داۋام قىلغان زامانلاردا ياكى ئۇنىڭ كېيىنكى تەسىرىدە يەرلىك كىشىلەر تەرەپىدىن ياسالغان ياكى ئىشلىتىلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئومۇمەن يەرلىك ئۇستىلار تەرىپىدىن ياسالغان ئىدىشلارغا يەرلىك ئالامەتلەر ـ ھايۋان قىياپىتىدىكى سازەندىلەر، ساك شەكلىدىكى كىيىملەر ۋە مەي قاچىسى، گۈل، قىلىچ تۇتقان كۆرۈنۈشلەر چېكىلگەن.

تېرمىزنىڭ شىمالى سۇرخان دەريا بويىدىكى بالالىق تېپەدىن 5 ـ، 6 ـ ئەسىرگە




(41 ـ رەسىم)

ئائىت مەي ـ گۈل تۇتقان بەزمە كۆرۈنۈشى

چۈشۈرۈلگەن تام رەسىمى تېپىلغان (41 - رەسىمگە قاراڭ).


تېرمىزدا پوگاچېنكوۋا تەرىپىدىن تېپىلغان 1 - ئەسىرگە ئائىت ساپال قاچىدا ئۈزۈم بايرىمى - دىئونىس مۇراسىمى ئىپادىلەنگەن (42 - رەسىمگە قاراڭ). بەدەخشاندىن



(42 - رەسىم)

تېپىلغان 1 - ئەسىرگە ئائىت كۈمۈش قاچىدىمۇ ئوخشىمىغان شەكىلدە دىئونىس ئايەم سورۇنلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇخارادا تېپىلغان 1- ئەسىرگە ئائىت كۈمۈش قاچىنىمۇ گىرېك دراماتۇرگى ئېۋرىپىدىسنىڭ دىئونىس بايراملىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ۋاكخ قىزلىرى» دراممىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى چېكىلگەن (43 - رەسىمگە قاراڭ).


1840 - يىلى بالالىق تېپە (تېرمىزنىڭ شىمالى، سۇرخان دەرىيابويىدا) دىن سىتروكونوۋ



(43 - رەسىم)

تاپقان كۈمۈش ئىدىشقا ئېۋرىپىدىسنىڭ «سىلىپې» دراممىسىنىڭ دېتاللىرى چېكىلگەن. بۇنىڭدا خوجايىن سىلىپېنىڭ گىراكىلنى ئۈزۈمزارلىقىدا ئەمگەككە سالغانلىقى ۋە خوجايىن سىلىپې بىلەن گىراكىل ئارىسىدىكى كۆرەش ھېكايىسى تەسۋىرلەنگەن (44 - رەسىمگە قاراڭ). بىر قىسىم ئالىملار بۇ كۆرۈنۈشلەرنى سىياۋۇش، رۇستەم ھېكايەتلىرى بويىچە ئىزاھلاشتى. ئۇلار 1872- يىلى قوقاندا ئوينالغان «رۇستەم» تىياتىرىنىڭ شۇ خىل كۆرۈنۈشلىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشتى. بۇنىڭدا رۇستەمنىڭ تەختىنى مەلىكىگە ئۆيلىنىشى تەسۋىرلەنگەن، دېيىشتى.

قازاقىستان يەتتە سۇ رايونى كوستانانىڭ تورغاي ناملىق يېزىسىدىن تېپىلغان كۈمۈش قاچىغا ئېۋرىپىدىسنىڭ «ئاكېستىدا»، «ئالوپ»، «ئىپلولىت» قاتارلىق



(44 - رەسىم)

سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم كۆرۈنۈشلىرى چېكىلگەن دېگەن قاراشنى بۇ قاچا ساقلانغان

نيۇ - يورك موزېيىغا بېرىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئامېرىكا ئالىمى بېيىسمان ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئەسلى سەھنە كىتابىدىكى شېئىردىي تېكىستلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەتكەن.

پوگاچېنكوۋا 1965 - يىلى 8 -، 10 - ئەسىر قارلۇق يابغۇسىنىڭ ئوبرازى چېكىلگەن كۈمۈش تەخسىنى تاپقان. قاچىدىكى كۆرۈنۈشلەردە گەرچە ئۇسسۇل - دراما كۆرۈنۈشى ئىپادىلەنمىسىمۇ، كۈمۈش قاچىغا تەسۋىردى كۆرۈنۈش ئىشلەش ئەنئەنىسىنىڭ سكىتاي - ساك قەبىلىلىرىدىن قارلۇق ئوغۇزلىرىغا مىراس قالغانلىقىنى كۆرسەتتى. كۈمۈش قاچىدا، ئارسلان پۇتلۇق تەختتە ئولتۇرغان قارلۇق يابغۇسىنىڭ ئىككى يېنىدا شاراب قاچىلىرى ۋە گۈل - مېۋە تۇتقان ئىككى ئوبراز تەسۋىرلەنگەن (45 - رەسىمگە قاراڭ).




(45 - رەسىم)

ئورال تاغلىرىغا يېقىن جەنۇبىي رۇسىيە ياپلىقىدىن تېپىلغان كۈمۈش ۋازا ۋە كۈمۈش قاچىغا يالىڭاچ ئەر - ئايال پەيگەرلىرى، نۇر چەمبىرەكلىك يالىڭاچ بۇددىزم ساماۋى ئۇسسۇلچىلىرى (46 - رەسىمگە قاراڭ)، خۇددى كۈسەن سۇ بېشىدىن تېپىلغان جەسەت



(46 - رەسىم)

قۇتىسى قاپقىقىدىكى قاناتلىق ئوغۇلغا ئوخشايدىغان پەيگەرلەر سىزىلغان. بۇ بىزگە ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئەسرىقەندانى ياك بۇددىزمنىڭ قازا قىلغۇچىغا كۆچە كۆيدۈرىدىغان سەندەل قاچىسىنى ئەسلىتىدۇ. دىققەتكە سازاۋەرى شۇكى، ئورال تېغى ئاكسىنو دېگەن جايدىن تېپىلغان كۈمۈش قاچىنىڭ ئاستىنقى يېنىغا ئىشلەنگەن، مەيكومىزىكىگە ئۆزىنى ئاتقان «مەيخور قاپلان» بىلەن بەرباب ۋە يان دومباق چېلىۋاتقان ئىككى سازەندە رەسىمى دەل مەركىزىي ئاسىياچە



(47 - رەسىم)

ئۇسسۇللۇق شەكلىدە چېكىلگەن (47 - رەسىمگە قاراڭ). بۇ خىل بەرباب ئەپراسىياپ، خوتەن يوتقان، كۇسەن قىزىل، تۇرپان بېزەكلىك تاملىرىغا كۆپلەپ سىزىلغان، فارابىينىڭ «كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان ھازىرقى تەمبۇرنىڭ شەكلىدىن ئىبارەت. ئېيتىمىش كېرەككى، پۇشپەك ① يېنىدىكى توقماققاجايلاشقان سۇياب (ئاق بېشىم)تىن تېپىلغان، تۈركەش (658—766) دەۋرىگە خاس تۇچ ئۇيما نۇسخى-



(48 - رەسىم)

دىمۇ (48 - رەسىمگە قاراڭ) ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش ئىپادىلەنگەن.

## 12

ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا قىيا رەسىملىرىدىكى تېپىك ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر، قەبرىلەر ۋە خارابىلەردىن تېپىلغان ئۇسسۇللۇق پەيكەر - ھەيكەللەردىن باشقا «مىڭ ئۆي» دەپ ئاتىلىدىغان تاشكېمىرلەر تاملىرىغا سىزىلغان ئۇسسۇللۇق رەسىملەر بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا.

شىنجاڭ بۇددىزمى دەۋرىگە ئائىت ساقلىنىپ قالغان مەنبەلەر ئەلۋەتتە تولىمۇ چەكلىك، ئەمما بىز ئۇنىڭدىن بۇ «ناخشا- ئۇسسۇل ماكانى»نىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى جەھەتتىكى بىقىياس خەزىنە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.


خوتەن شۆبىسىزكى، شىنجاڭ بۇددىزمىنىڭ قەدىمكى مەركىزى ئىدى. بىز يوتقان خارابىسى، سۇمبىيا كەنتىدىكى سۇدىرۇ ئىبادەتخانىسى خارابىسى، خوتەن تىم، قىزىلتام خارابىلىرى، خوتەن لاسكويدىكى بۆكەن ئۆيلۈك خارابىسى، چىرىيە دامكو يېزىسىدىكى دەندان ئۆيلۈك خارابىسى، لوپ ئاقسىپىل ۋە راۋاق مۇنار خارابىلىرى، كېرىيە تۇزلۇق قازناق، كۆكچى شەھەر خارابىسى، قاراقاش سېرىقلىق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى، كونىيە خارابىلىرىدىن بىر قاتار ئۇسسۇل قىياپىتىدىكى ھەيكەل، ياغاچ ئۈستىگە ياكى تامغا، توقۇلما رەختكە سىزىلغان ئوبرازلارنى كۆرىمىز. «رەۋزە توسساپا»دا: قەدىمكى ئۇدۇن مەملىكىتىدە، شەھەرنىڭ ئۆزىدىلا بەش يۈزدىن ئارتۇق بۇتخانا بولغان، دېيىلگەن. بۆكەن ئۆيلۈكخارابىسىدىن بەختمالا ئىسكىنىڭ

(1) پۇشپەك - فرونزى شەھىرىنىڭ ئەسلى نامى بولۇپ، قالاچ (قارلۇق) قەبىلىلىرى بۇددىزم تەسىرىنى قوبۇل قىلغاندا، بىر بۆلەك ئىبادەتخانىلار قۇرۇلغان. ھازىرمۇ، ياتقان بۇددىنىڭ ھەيكىلى تېپىلدى. سانسكرىت تىلىدا «پۇشپەك»(Puspak)بىر ئىلاھ نامى بولۇپ، تۇرپاندىن تېپىلغان«ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»دە «يېتتى ئېردىنىن ئېتىلمىك پۇشپەك ئاتلىق ساۋاغىنتاتۇرۇ تىگىنۇرمەن» دەپ يېزىلغان («قەدىمكى تۈركچە لۇغەت»، رۇسچە، 398 - بەتكە قاراڭ).

كۆكتىن يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان قوپارتمىلىق گەج ھەيكىلى تېپىلغان. تېرمىزغا سېلىشتۇرغاندا خوتەندىن بەرباب چېلىۋاتقان قىز ھەيكىلى، ھەيكەل قېلىپلىرى كۆپرەك تېپىلغان.

فاشيەن «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى»دا 410 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئالدىنقى 14 كۈنى ئېلىپ بېرىلغان بۇت يۆتكەش مۇراسىمى ھەققىدە كۆرگەنلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. خانلىق گۇۋاتى بۇتخانىسىدىن تۆت چاقلىق چوڭ ھارۋىغا بۇددىا ھەيكىلىنى، ئەتراپىدىكى ھەمرا ھەيكەللەرنى يۆتكەش پائالىيىتىگە خان ۋە خانىش، مەلىكىلەردىن تاكى كەڭ جامائەتكىچە قاتنىشىدىغان قىزغىن مەنزىرىنى تەسۋىرلىگەن.

سىتەيىن دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن تاپقان لاكشمى (تۇرپان تېكىستلىرىدا «ئۆز تەڭرى» دېيىلگەن) - شەرق گۈزەللىك ئىلاھەسىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇسلۇبلىرىنىڭ ھىندىستاننىڭ «Z» شەكىللىك ئۇسلۇبلىرىدىن پەرقلىق «S» شەكىللىك ئەۋرىشىم گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مېتاللىق قۇيۇلغان لاكشمى ھەيكىلى ئىككى قولى ساڭگىلىغان، بېشىغا تاج كىيدۈرۈلگەن قىياپەتتە، ياپونىيىدە كۆپ پۆپۈكلۈك كىيىملەر بىلەن كىيىندۈرۈلگەن قىياپەتتە ئىشلەنگەنلىكىدىن پەرقلىق ھالدا يالىڭاچ، يالاڭچاچ، بىر قولىدا كۆكسىنى، بىر قولىدا كىندىكىنى توسقان ھايالىق قىلىپ سىزىلغان. بۇ قىياپەت شۈبھىسىزكى، ئۇسلۇبلۇق قىياپەتتۇر (49 - رەسىمگە قاراڭ). خوتەن خەلقى مازار - ماشايىخ نامىدا ھېلىمۇ بىر قىسىم بۇنداق بۇددىزم سەنئەت خارابىلىرىنى ساقلاپ تۇرماقتا. خوتەندىكى ئىلانلىق تاغ، سەھۋالىم، ئىمام مۇساكازىم، كېرىيىدىكى تەڭگە قۇلاق، چىرىيىدىكى لىچەن ئاتا، چولپان ئاتا، گۇمىدىكى غازا خوجا،



(49 - رەسىم. ئۆز تەڭرى لاكشمى)

قاراقاشتىكى خوجا پاخلان، سىكىلەك پادىشاھىم، لوپتىكى ئىمام ئاسىم قاتارلىقلارنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن.

قەشقەردىكى ئۇچتا راۋان، مارالبېشىدىكى توققۇز ساراي، ئاقسۇدىكى غوگراق،

كۆچا ـ بايدىكى قىزىل، قۇمتۇرا، سىم ـ سىم، توققۇز ئۇقۇر، قىزىل قاغا، سۇ بېشى، كورلىدىكى مىرەن، كىرۇران، شورچۇق، تۇرپاندىكى تۇيۇق، سىڭگىم، قوچۇ شەھىرى، ئاستانە ئالتۇنلۇقى، يارغول، بېزەكلىك قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ھەيكەللەر، قوپارتىلىق ھەيكەللەر، پىگورىلار، تام رەسىملەردە كۆپلىگەن يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ، كىيىندۇرۇلمىگەن، كىيىندۇرۇلگەن ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز.

شىنجاڭ بۇددا سەنئىتى تەركىبىدە ئىپادىلەنگەن ۋە ساقلانغان ئۇسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر مەزمۇنەن يەرلىك خەلقنىڭ ئۇسسۇللۇق قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولسىمۇ، شەكلەن «بۇددىھا قىسسەلىرى» (ساكيامۇنى تەرجىمھالى)، «ساماۋى نەغمە ـ ئۇسسۇلچىلار»، «يارالمىش (جاتاكا) ھېكايەتلىرى» (ساكيامۇنى تۇغۇلغىچە ئۇنىڭ روھىنىڭ بىر قانچە يۈز قېتىم ھەر خىل جاندار ۋە ئادەم سۈپىتىدە يارالغانلىقى تەسۋىرى) ۋە خان-ئاۋامنىڭ ساخاۋەت قىلغىلى كەلگەن قىياپەتلىرى سىياقىدا سۈرەتلەنگەن. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار خېلىلا ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن ئارتۇقچە توختالمايمەن.

قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ 99 ـ كېمىرىدىكى «ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلۇشى» ناملىق رەسىمدە ساكيامۇنىنىڭ ئانىسى ماياخانىم يېنىدا يالىڭاچ ھالەتتە تۇرغان كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. گۈزەل ۋە ئۆلچەملىك بۇ ئىككى كۆرۈنۈش پۈتۈنلەي ئۇسسۇللۇق ئەۋرىشىم قىياپەتتە سىزىلغان.

ساكيامۇنىنىڭ بۇددىزم يولىغا مېڭىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دادىسى ئوردا گۈزەللىرىنى ئۇسسۇلغا سېلىپ، ئۇنىڭ رايىنى بۇرىماقچى بولغان. قىزىلدىكى 76ـ، 84ـ، 99 ـ، 110 ـ، 118ـ، 175 ـ كېمىرلارغا يۇقىرىقى تېمىدىكى تام رەسىملىرى سىزىلغان. 118 ـ، 175 ـ كېمىرلاردىكى «شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش» ناملىق رەسىمدە يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇسسۇلچىلار تەسۋىرى بېرىلگەن. 84 ـ كېمىردىكى «پادىشاھنىڭ ئۇسسۇلچى قىزلارنى تاماشا قىلىشى» دا (50 ـ رەسىمگە قاراڭ) ئۇسسۇللۇق مەنزىرە كۆرسىتىلگەن. بۇ تام رەسىملەرنى گرونۋېدىل ئېلىپ كەتكەن ۋە «قەدىمكى كۇچا» ناملىق كىتابىدا ئاشكارىلىغان.




(50 ـ رەسىم)



قىزىل 110 ـ كېمىردا ساكيامۇنىنىڭ كېچىدە ئۇخلاۋاتقان ئايالى ۋە ئوردا كېنىزەكلىرى ئارىسىدىن يوشۇرۇن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلىگەن «ياسودھارانىڭ ئۇخلىشى» ناملىق تام رەسىمدە ئۇيقۇدىكى ئاياللار يالىڭاچ، ئەۋرىشىم، يېتىق ھالەتتىكى ئۇسسۇللۇق قىياپەتتە سىزىلغان.

قىزىل 76ـ كېمىردا، ساكيامۇنى ھېكمەت سۆزلەۋاتقاندا ئۇنى ئاداشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ ئالۋاستى گۈزەل ئۈچ قىز سىياقىدا

كۆرۈنۈپ، يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناپ تەبەسسۇم قىلغانلىقى، ساكيامۇنىنىڭ ئۇلارنى ھېكمەت بىلەن ئۈچ قېرى ئايالغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقى تەسۋىرلەنگەن (51 - رەسىمگە قاراڭ). تام رەسىمى ئۈچ ئۇسسۇلچى قىزنى ئۈچ قېرىغا



(51 - رەسىم. ئۈچ ئۇسسۇلچى ئالۋاستى)

نىسبەتەن گۈزەل، تولغان قىلىپ، يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق قىياپەتتە گەۋدىلەندۇرگەن. 80-، 99-، 161-، 182 -، 186 - كېمەرلەردىكى «ھېكمەت ئاڭلاش» ماۋزۇسىدىكى تام رەسىملىرىدىمۇ ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەر ئىپادىلەنگەن.


101-، 114-، 117 - كېمەرلەرگە سىزىلغان «ئۇسسۇلچىنىڭ بىكسۇنى بولۇشى» دېگەن تام رەسىمدە ساكيامۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھېكمەت قۇدرىتىنى كۆرۈپ، ئۇسسۇلچىلىقنى تاشلاپ بىكسۇنى (ئايال تالىبە) بولغان ئايال ئۇسسۇلچىنىڭ ئۇسسۇل ماھىرىغا خاس كۆرۈنۈشى گەۋدىلەنگەن.

ساكيامۇنى ھايات كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن «بۇددىھا قىسمەتلىرى» سيۇژىتى بويىچە سىزىلغان تام رەسىملىرىدىن

ساماۋى ئەيتىم - چىرتىم (ناخشا - مۇزىكا) ۋە بۇدۇك (ئۇسسۇل) مۇئەككەللىرى - گاندىھارا، ناندا، ئوپا ناندا، جىنىنارا قاتارلىقلار بىلەن ھەر قايسى ساماۋى بۇددىساتۋالار لاكشىمى («ئۇز تەڭرى»)، ئاۋالوكىشۋارا (كۆرەر-



(52 - رەسىم)



(53 - رەسىم)

تىڭلار تەڭرى) قىياپەتلىرى بىلەن ئۇچقۇ، پەرىزاتلار - رەققاسلار شەكلىدە سىزىلغان

(52-، 53-، 54- رەسىملەرگە قاراڭ). ئۇلار ئېسىل كىيىنگەن، يېرىم كىيىنگەن ياكى



(54 - رەسىم)

يالىڭاچ بېرىلگەن. ئۇلار گەرچە بۇددىزمنىڭ دىنىي - خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرى بويىچە تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا يەرلىك خەلقنىڭ ئۇسسۇللۇق ھەرىكىتى، قىياپىتى، ھېسسىياتى ۋە كىيىنىش مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان.

ساكيامۇنى مۇخلىسلىرىدىن ماگارخا ئېلىنىڭ پادىشاھى ئاجاتاساترونىڭ ساكيامۇنىنىڭ قازا قىلىپ، نىرۋانىغا سەپەر قىلىشى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاش ئالدىدىكى رەسىمى، پادىشاھ ۋە خانىشنىڭ ھەرەم قىزلىرى بىلەن تەختتە ئولتۇرغان ھالىتىدە بېرىلگەن بولۇپ، ھەرەم قىزلىرى كىيىنمىگەن، ئۇسسۇلنىڭ قىياپەتتە كۆرسىتىلگەن.

تاشكېمىر رەسىملىرىگە سىزىلغان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈرى «يارالمىش ھېكايەتلىرى» (جاتاكا) سيۇژىتىدىكى يالىڭاچ ياكى كىيىندۇرۇلمىگەن ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەردىن ئىبارەت(55-، 56- رەسىملەرگە قاراڭ).





(55 ، 56 - رەسىم: يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشتىكى تام رەسىملىرى)

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى،شىنجاڭ تاشكېمىر-

لىرىدىكى كىيىندۈرۈلگەن، كىيىندۈرۈلمىگەن، يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەر گۈزەللىك ۋە سەنئەتنىڭ كۆپ قىرلىق ئۇتۇقى بولۇپلا قالماي، ئەينى زامان بۇددىزم ئىستىقامەتلىرىدە راھىبلارنى جىسمانىي گۈزەللىكنى كۆزدە كۆرۈپ، دىلدا كۆرمەسلىك، سەزگۈ ئەزالىرى (قاچىغلار) نى جىسمانىي گۈزەللىكتىن قاچۇرۇپ چېنىقتۇرۇشنى مەقسەت قىلىنغان ئىدى. ئەمما، تارىخىي مەنبەلەردە مەركىزىي ئاسىيا قىيالىرىغا يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر كۆپلەپ سىزىلغانلىقى ئىسپاتلانغان. بىز ئېلىمىز- نىڭ شىمالىي دىغار جۇڭشەنگو ئېلىدىن كەلگەن ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇچلۇق سەندەل ئاياغ كىيىپ ئۇسسۇل ئوينىشىدىغانلىقى، شىمالىي چى سۇلالىسى شۈەندى پادىشاھ دەۋرىدە ئوردىلاردا گاھىدا يالىڭاچ - يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللار ئوينالغانلىقى، مەشھۇر «سۇمۇز» سەيلىسىدە يالىڭاچ سۇ سېپىشىپ ئۇسسۇل ئوينىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردىن يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ سىزمىلارنىڭ ئەنئەنىۋى يىراق قاتلاملىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

## 13

كابائىن خانىم «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» ناملىق ئەسىرىدە (خەنزۇچە 111-، 112- بەت): «غەربىي دىيارنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى» دەپ توغرا ئېيتقان.

تەخمىنەن غەربىي خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جياڭچيەننىڭ چاڭئەنگە غەربىي دىيار (ئاساس- لىقى قومۇل)نىڭ «ماھادۇر» مۇقامىنى ئېلىپ كىرىشىنى غەربىي دىيار سەنئىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى دېيىش مۇمكىن، ئەمما، جىنگو دەۋرىدىلا شىمالىي دىلار قۇرغان جۇڭشەنگو (中山国) ئېلى ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ خۇاڭخې - تەيخاڭشەن رايونىدا ئۆكچىسىز سەندەل ئاياغ كىيىپ، ئۇسسۇل سەنئىتى سېتىپ يۈرگەنلىكى①، غەربتىكى دىفاڭ، گۇيفاڭ، رۇڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئۇسسۇل - نەغمىلىرى بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن.



(57 - رەسىم. يەر ئاستىدىن تېپىلغان، تۆگە ئۈستىدىكى غەربىي دىيار سەنئەتچىلىرىنىڭ سەپەر تە- ۋىرى ئىپادىلەنگەن ھەيكەلچە)

جياڭ چيەندىن كېيىن لۈي گۇاڭ 384- يىلى كۇسەن خانلىقىنى يېڭىپ، نۇرغۇن سەنئەتچىلەر ۋە سەنئەت بۇيۇم- لىرىنى لياڭجۇغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى. لياڭجۇ نەغمە - ئۇس- سۇللىرى غەربىي دىيار نەغمە - ئۇس- سۇللىرىنىڭ بىر ۋارىيانتى سۈپىتى- دە سۇي، تاڭ دەۋرىدە غايەت زور تەسىر پەيدا قىلغان. نەتى- جىدە غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى ئوردىلاردىن تاكى خەلق ئارىسىغىچە قىزغىن زوقلىنىش ۋە ئۆگىنىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان. بۇ، غەربىي دىيار ئۇسسۇل تارىخىدىكى غايەت زور ئىپتىخارلىق ھادىسىدۇر.


شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، بولۇپمۇ 568- يىلى ھوغانخاننىڭ قىزى ئاسىنا مەلىكە جۇئۇدىغا ياتلىق بولغاندا غەربىي تۈرك يابغۇلۇقىغا قاراشلىق كۇسەن قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن سەنئەتچىلەرنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. بۇ چاغدا سۇجۇپ

① «تارىخنامە. خۇاجېۋ تەزكىرىلىرى»

ۋە بەي، ساۋ فامىلىلىك سەنئەت پېشىۋالىرىدىن چاڭئەنگە ئېلىپ كېلىنگەن. 606- يىلى سۈي ياڭدى تەختكە چىققاندا كۆك تۈرك



(58 - رەسىم. دۇڭخۇاڭ 156 - كېمىر، خەلق ئارىسىدىكى ئۇسسۇل كۆرۈنۈشى)




(59 - رەسىم. دۇڭخۇاڭ 445 - كېمىردىكى ئەرچە، 12-كېمىردىكى ئايالچە ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش)



(60 - رەسىم. دۇڭخۇاڭ 390 - كېمىرگە سىزىلغان بەزمە كۆرۈنۈشى رەسىمى)

خانلىقى 30 مىڭ كىشىلىك ئۇيۇنچىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن سەككىز يول ئۇزۇنلۇقتا ئۇسسۇللۇق دالا مەشرىپى ئۇيناپ، سەنئەت دىپلوماتىيەسى ئىشلەتكەن.

خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيەسى خەنسۈي قەبرىگاھلىقىدىن چىققان سېرىق يايلاق قاچىغا (61- رەسىمگە قاراڭ) ئۇسسۇل ئويناپ، ساز چېلىۋاتقان غەربىي دىيار ئەلنەغمىچىلىرى سىزىلغان.



(61 - رەسىم. شىمالىي چى (550 - 577) دەۋرىدە خېنەن ئەنياڭغا كىرگەن، ئۇسسۇللۇق نەقىش چۈشۈرۈلگەن كوزا)


شەنشى ئۆلكىسى شىگفىڭ ناھىيەسى كونا بۇتخانىغا غەربىي دىيارنىڭ بىر ئەر، بىر ئايال ئۇسسۇلچىسى ۋە سەككىز سازەندە رەسىمى سىزىلغان.

جېجياڭ ئۆلكىسى رۇيئەن ناھىيەسىدىن چىققان ئاشلىق قاچىلايدىغان ئىدىشقا بىر ئۇسسۇلچى بىلەن بىر سازەندە ئوبرازى ئويۇلغان.

چىڭدۇدىن بەش دەۋرگە ئائىت «ئالدىنقى شۇ خانلىقى»نىڭ قۇرغۇچىسى ۋاڭجيەن (900-918) قەبرىگاھلىقىدىن ئىككى ئۇسسۇلچى، 22 سازەندىنىڭ، جەمئىي 25 دانە كۆسەن سەنئەت چىنىسىنىڭ قوپارتمىلىق ھەيكىلى چىققان.


سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە خېشى كارىدورىدىن، شىمالىي قۇملۇقتىن غەربىي دىيار - ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەتچىلىرى كۆپلەپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىپ، ئويۇن قويغان. ئۇلارنىڭ گۈزەل ئۇسسۇللىرى توغرىسىدا مەشھۇر شائىرلاردىن دۇفۇ، لىبەي، بەيجۈيى، ۋاڭجۈي، يۈەنجېن، ليۇيۈيشى، جاڭخۇ، فاڭگەن، خۇاروي خېنىم قاتارلىق شائىرلار گۈزەل مىسرالار

يېزىشقان. بۇ ئۇسسۇللارغا پادىشاھتىن يۇقىرىغىچە ھەممىسى بولغان. ھەتتا خانىش ياڭگۇيفېمۇ ئۆگىنىپ ئوينىغان.



(62 - رەسىم. شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە سىزىلغان بەزمە رەسىمى، سازەندىلەر ۋە ئىككى ئۇسسۇلچى. يېنىدا ئوخشىتىپ سىزىلغان ئۇسسۇلچى. تىياپىڭتى)

تاڭ سۇلالىسى ئوردىدا «ئوقۇتۇش يولى»، «نەشپۈتلىك باغ» نەغمە - ئۇسسۇل ھەرەمى قۇرۇپ، كۆسەن نەغمىلىرىنى ئاساس قىلغان 10 قىسىملىق مۇزىكا تۈزغۈزغان. سۈيلەكچەن «ئوقۇتۇش يۇرتىنىڭ خاتىرىسى»، گاۋماۋچىڭ «مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ نەزم توپلىمى»، چىڭداچاڭ «كۆپ خىل ئويۇنلار» قاتارلىق سەنئەتشۇناسلىق ۋە سەنئەت تەزكىرىسىگە ئائىت ئەسەرلەر يېزىشقان.






(63 - رەسىم. 8 - ئەسىردە تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىنغان قەشقەر (سۇلى) نىڭ سازەندە ۋە ئۇسسۇلچىلىرى تەسۋىرلەنگەن فىگۇرىلار)

ئەينى زاماندا غەربىي دىيار مۇزىكا - ئۇسسۇللىرىنى، كىيىنىش مەدەنىيىتىنى، ئاتقا مىنىشنى ھەۋەس قىلىدىغان ۋە ئۆگەنگەن بىر خىل مەدەنىيەت خاھىشى شەكىللەنگەن. بۇ ھەقتە شائىر يۈەنجىڭ «فاچۈي نەغمىلىرى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز - ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
......
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ - زىننەت، سازەندىلىك،
بولدى بەسبەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان».



(64 - رەسىم. غەربىي دىيارچە ئاتقا مىنىش تەسۋىرلەنگەن ھەيكەل يادىكارلىق)

مەنبەلەردە «پىرقىردىما ئۇسسۇلى»، «تاقلىما ئۇسسۇلى» ①، «چەش ئۇسسۇلى»، «چاچ يېشىش»، «ئالان»، «يېشىل پوتا»، «رومال»، «باھار بۇلبۇل ناۋاسى»، «شۇشىرۇ»، «نالەش»، «ئاھۇ»، «شىر ئۇسسۇلى»، «گۈلپانۇس ئۇسسۇلى»، «ئەتلەس ئۇسسۇلى»، «ئۇۋىرغول نەغمىسى»②، «ئۇيغۇر راھىبىنىڭ ساماسى»، «كۇچا ئەنى»، «ئۈچ تۈرك ئەنى»، «بىشبالىق نەغمىسى»، «تاشبالىق»، «سومۇز»، «باتۇر»، «قېيىق قاش»، «بور»، «شىر ئۇسسۇلى»③ قاتارلىق ئۇسسۇل ياكى ئۇسسۇللۇق

① ۋاڭگوۋېي ئەپەندى «تاقلىما ئۇسسۇلى» (خوتەنگۈۋۇ) نى «خوتەن ئۇسسۇلى» دەپ ئىزاھلىغان.
② ئۇنىڭ نوتىسى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان. ③ ئۇنىڭ ھەيكەل شەكلى ئاستانىدىن تېپىلغان.


چوڭ نەغمىلەر خاتىرىلەنگەن. شىباۋسەن، ئەنچىنۇ، ئەنپىشىك، ئەنلۇسەن قاتارلىق غەربىي دىيارلىق ئۇسسۇل ماھىرلىرى بىلەن كۇڭسۇگىلىك، لى ئاۋ قاتارلىق خەنزۇ ئۇسسۇل ماھىرلىرى مەيدانغا كەلگەن. چاڭئەن، لوياڭلاردا ئۆتكۈزۈلگەن بەزى ئۇسسۇل ياكى چوڭ ھەجىملىك ئۇسسۇللۇق سەيلىلەرگە پادىشاھلارمۇ ئىشتىراك قىلىشقان.



(65 - رەسىم. ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان غەربىي دىيار ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ فىگۇرىلىرى)

تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەر قاتارىدا پەردىلىك سۇپىلىق سەينادا قوچۇ (ئىدىقۇت) خان جەمەتى ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ، تىزلىنىپ، قولىدىكى جامدا خانغا مەي (بور) سۇنۇۋاتقان كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە تام رەسىمى سىزىلغان. بۇ، تۇرپاننىڭ مەشھۇر «بور ئۇسسۇلى» بولۇپ (66- رەسىمگە قاراڭ)، بۇ ئۇسسۇل چاڭئەندىمۇ پادىشاھ ئالدىدا ئوينالغان. بۇ ھەقتە شائىر جاڭخۇ ئۆزىنىڭ «بور ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان ئىدى:

«نەۋ باھار جەنۇبىي باغدا گۈل يۈزىن
ئاچقانىدا،
لياڭجۇ بەزمىگە ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىققىنى
يانا.
قولىدا ئالتۇن قەدەھ، ئۇسسۇل تۈگەركى
چاغىدا،
ئالدى شاھىم بىر كۈلۈپ ئالتۇن قەدەھنى
قولىغا.»




(66 - رەسىم)

لى رۇيىنىڭ «پىرقىرىما ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدىكى:

«قاش ئۇچۇرۇپ، كۆز ئوينىتىپ شىرداق
كىگىز ئۈستىدە،
مارجان بۆكى يىڭىدىن ئاقتى تەرلىرى داۋان.
. . . . . .
پىرقىرىسا، قىزقويسا چۈشەرچالغان پەدىگە،
بەلگە قويسا قولىنى خۇددى ئايغا
ئوخشىغان.»

دېگەن مىسرالىرى، جۈملىدىن لىيۇيەنسىنىڭ «تاقلىما ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدىكى مىسرالار بىلەن قىزىل تاشكىمىرلىرىدىكى زىلچا ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش تولىمۇ ئوخشاش بولغان. بىر «بەلگە قويسا قولىنى خۇددى ئايغا ئوخشىغان» دېگەن ئۇسسۇللۇق تەسۋىر بىلەن غەربىي دىيار (مەسىلەن، قۇتۇبى قىزىلىيار) قىيا رەسىملىرىدىن تاكى ھازىرقى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى قىياپىتىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆرىمىز (66-، 67-، 68- رەسىملەرگە قاراڭ).



(67 -، 68 - رەسىم)

لېيۈيەنسى مۇنداق يازغان ئىدى:

«ئاق ھەم قىزىل گۈللۈك زىلچا تۆپىسىدە
قايناپ ئۇسسۇل،
تەسۋىرلىدى چىمەنلىكتە كەچتە يانغان
شام ئوتىنى».

بەي جۈيى، يۈەن جېن، لى دۈي، جاڭ خۇ، چېن سەن، گوكاڭ، شاڭجۇ قاتارلىق تاڭ دەۋرى شائىرلىرىنىڭ نەزمىلىرىدە ئەينى زامان غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىدىكى كىيىنىش، زىبۇ - زىننەت، ئۇسسۇللۇق قىياپەت ئەھۋاللىرى روشەن تەسۋىرلەنگەن ۋە يۇقىرى باھالانغان.

بەي جۈيى «روھال ئۇسسۇلى»نى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«تارى، نەي، چاۋاك ئىچىدە شايىسى
ئويناپ تۇرار،
تاكى نەغمە پۈتكىچە رومالچى نازۇك
پىرقىرار.
ئەيلەگەچ ھەر پەردىسى رومال كۆيىنىك
دىلنى شاد،
ئاڭلىغان ھەر بىر قېرىدلار ئىختىيارسىز
ئاھ ئۇرار».

(69 - رەسىمگە قاراڭ)

يۈەن جېن «بەرباب» ناملىق شېئىرىدا:

«تىل بىلەر سازەندە ئۇيغۇر قاشتېشى
چالغۇ چېلىپ،
تۇردى گەنجۇ ئۇسسۇلى بىزنى شۇنچە
جەزب ئېتىپ».

دەپ يازغان:

لى دۈي «پىرقىرىما ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«گۈللۈك بۆكى بېشىدا، ئوتتۇرى كۆپۈپ
تۇرار،
مەشۇت كۆڭلەك يەڭ ئۇچى شۇنچە تار،
شۇنچە چاققان.
زەنگىلە قوڭغۇرىقى پىرقىرىسا غۇڭغۇلدار،
گۈللۈك يۇمشاق ئۆتىكى خۇش پۇراق
چاچار ھەريان».

جاڭ خۇ «خۇاڭجۇدا چەش ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ» دېگەن شېئىرىدا:

«داپ ئۇرۇلدى باشتىكى نەغمە ئۇسسۇلغا
ئۇلىنىپ،
ئەۋرىشىم چۈشتى ئۇسسۇلغا خۇددى
كېپىنەك بولۇپ.
قىپقىزىل ئىمچا يېڭىدىن چىقىرىپ ئاپئاق
بىلەك،
ساغرىسىنى تولغىتىپ ئەگدى بېلىنى
ئوينىتىپ».

دەپ يازغان.

چېن سەن، گوكاڭ، شاڭجۇلار غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىستېتىك تەسىرىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن باھالىغان:

«بۇ جاھان زەققاسلىرى بىلدى ئۇسسۇل
ئويناشنىلا،
قامىتى، خۇلقى جەھەتتىن ئاڭا يەتمەس
ھېچبىرى».

«ھېچ كىشى ئالمايدۇ ‹فاچۇي› نەغمىسىنى
ئاغزىغا،
كۆكمۇ تولدى شايى - ئەتلەس ئەيلىگەچ
پەرۋاز بۇگۈن».

«پۈتتى ئەتلەس ئۇسسۇلى، ئاسماندا
قوزغالدى شامال،
ئون ۋىلايەت ئۈستىنى باستى ئىپار ئۆتمەي
ھايال!»

غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى ئارىسىدا «شىر ئۇسسۇلى»، «چىراغ ئۇسسۇلى»، «ئۆچكە ئۇس-سۇلى» قاتارلىق نومۇرلار بولغان.

غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى ئىسلامى-يەتكىچە بولغان ئۇزاق زامانلار ئىچىدە يەنە كۆپلىگەن تەسۋىرىي يادىكارلىقلار قالدۇردى. ئۇ ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى دالى ئېلىگە، چاۋشيەنگە، ياپونىيىگە بېۋاسىتە ئۇسسۇل ياكى «خۇتەنياتىرلىرى»، «خۇچۇڭ نەغمىلىرى» نامى بىلەن يېتىپ بېرىپ، داۋاملىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز تەسىرى ۋە شۆھرىتىنى ساقلىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا ئىس-لامىيەت بىر قارار تاپقاندىن كېيىنمۇ، ئوتتۇرا

تۈزلەڭلىك ۋە يىراق شەرق ئەللىرىدە غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى ئىززەتلەندى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ«ئۇيغۇر ئەلنەغمىسى»مەشھۇر بولدى. ۋاڭ يەندى (939 - 1006) ئىدىقۇتتا ئۈچ يىل تۇرۇپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ناخشا ئۇسسۇل ۋە ئويۇن - تىياتىر ئەھۋالىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. لياۋ سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن يېلۈي يەنشى تيەنچىڭنىڭ 2- يىلى (1112- يىلى) ئوردا مۇزىكىلىرىنى رەتلىگەندە «پەرىزاتلار مۇزىكىسى»، «پەرىزاتلار ئۇسسۇلى»نامىدا بۇ خىل مۇزىكا-ئۇسسۇلغا ئالاھىدە ئورۇن ئاجراتتى.①



(69 - رەسىم)



(70 - رەسىم. چىراغ ئۇسسۇلى)

ئىسلامىيەتتىن كېيىن، غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى داۋاملىق مىللىي-مەھەللىي شەكىلدە، ئوردىلاردا، خەلق مەشرەپلىرىدە، ئەل ئارىسىدا راۋاجلاندى. يېڭى ئۇسسۇل نەمۇنىلىرى مەيدانغا كەلدى.

## 14

يۇقىرىدا غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئىسلامىيەتكىچە بولغان تەرەققىيات تارىخىنىڭ ماددىي بۇيۇملارغا چېكىلگەن تەسۋىرى خاتىرىلىرى ئۈستىدە توختالدۇق. بۇ، غەربىي دىيار ئۇسسۇل تارىخىنىڭ بىر قىسمى، ئەمما ھۆججەتلىك، ئوبرازلىق تارىخىي ئۇچۇرى.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئىپتىدائىي ۋە قول ئىگىلىكى، فېئودالىزم دەۋرلىرىدىكى مەنسۇپ تارىخىي يادىكارلىقلىرىدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن.

1. بۇ ئۇسسۇللار مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ تولىمۇ ئۇزاق ئەسىرلەر نېرىدىكى يىراق ئىپتىدائىي تۇرمۇشىدا ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش زۆرۈرىيەتلىرى ئانا قارنىدا، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيىتى ۋە رېتىملىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى شەكلىدە تەدرىجىي مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئىنسان ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىش، مەنىۋى ئىلتىجا قىلىش ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماددىي (ئىشلەپچىقىرىش ۋە قوغدىنىش) پائالىيەتلىرىنى تېخى سەنئەت دەپ قارىغان ئەمەس. ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ماددىي ۋە روھىي تۇرمۇشقا بېقىنغانلىقى غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى ھەر قايسى باسقۇچلىرىدىمۇ ئىزچىل ساقلانغان بىر قانۇنىيەتتۇر.

① گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا ھايات» 122- بەت

2. بۇ ئۇسسۇللار تاغ- جىلغا مەدەنىيەت تىپى، يايلاق مەدەنىيەت تىپى، بوستان مەدەنىيەت دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، تۇرمۇش شەكلى ۋە تۇرمۇش رىتىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت شەكلىنى داۋاملىق بېيىتقان. بۇ ئۇسسۇللار ئاسىيانىڭ ئىچكىرىدە ئاق جىنىس ۋە سېرىق جىنىس قەبىلىلەرنىڭ ئاق جىنىسنى ئاساس قىلغان قېشىلىشى، شىمال-جەنۇب، شەرق- غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ كۈچىيىشى، ھەر خىل دىنىي مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاساسىي گەۋدىسىگە يېڭى ئوزۇقلارنى قوشقان ۋە تەدرىجىي «ساماۋىي ئۇسسۇل»، «پەرىزاتلار ئۇسسۇلى» شۆھرىتىگە ئېرىشكەن.

3. بۇ ئۇسسۇللار مەزمۇنەن ھەر بىر دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تېما تېكىستىنى ئاساس قىلغان. ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق، ئوۋچىلىقتا ئۆچكە- تېكە قىياپىتىدە نىقابلىنىپ ھىيلە ئىشلىتىش؛ قۇياشقا، ئىلاھقا، ساماغا چوقۇنۇش ۋە ئىلتىجا قىلىش؛ جىنسقا سېغىنىش ۋە مۇھەببەتنى كۈيلەش؛ تۇتېم مۇراسىملىرى ۋە مەۋسۇم مەشرەپلىرى؛ ياخشى-يامان روھلار، يورۇقلۇق- قاراڭغۇلۇققا مەدھىيە ۋە نەپرەت قاتارلىقلار غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ كېيىنكى تېماتىكىسى ۋە ئىپادىلەش شەكىللىرىگە ئاساس سالغان. بىز ئوتتۇرا ئەسىردە يېزىلغان كىتابلاردىكى قىستۇرما رەسىملەردىن (71- رەسىمگە قاراڭ) ئۆچكە قىياپىتىدىكى ئۇسسۇللارنىڭ (جۈملىدىن شىر ئۇسسۇلى، تۆخۈ ئۇسسۇلى) داۋاملىق ئوينالغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز بېشىغا ئۆككە، مۈڭگۈز ۋە قۇيرۇق قاداشنىڭ ئورنىغا ئۆككە، تاج، كۆپتۆرۈلگەن چاچ پۆرمە، لېنتا، پوتا، رومال بىلەن ئۇسسۇل ئويناشنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرىمىز. قۇياشقا سېغىنىش- قولنى ئېگىز كۆتۈرىدىغان ئىلتىجا ھەرىكەتلىرىگە، پىرقىرىما ھەرىكەتلەرگە، تىزنى پۈكۈش ۋە ساما ئۇسسۇلى ھەرىكەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن.



(71 - رەسىم)

جىنسىي سېغىنىش مۇراسىملىرىدىكى ھەرىكەتلەر ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇللارغا، بولۇپمۇ ئەر-ئايالنىڭ ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلى، لەپەر، بىر سازەندە ئەر-بىر ئايال ئۇسسۇلچى ئوينايدىغان ھەرىكەتلەرگە ئاساس سالغان. بىز تاشكېمىرلارغا سىزىلغان ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل- نەغمە ھەرىكەتلىرى ئىپادىلەنگەن تام رەسىملىرىدىن، مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئۇسسۇللاردىن بۇ ئەنئەنىنى بايقايمىز.

مۇراسىم ئۇسسۇللىرى- شادىيانە، مەشرەپ شەكلىدە ئىزچىللاشتى.

4. بۇ ئۇسسۇللار مەركىزىي ئاسىيا ئۇسسۇللىرىدىكى قول ھەرىكىتىنى ئاساس قىلغان پۈتۈن بەدەن ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ رەڭگارەڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى-بەدەن ھەرىكىتىنى تامغا (بەلگە) قىلغان ئۇسسۇللۇق تىل خەزىنىسىنى بېيىتتى. باشنى ئاتتەك ئېگىز ۋە سەزگۈر تۇتۇش؛ قولنى قۇش سىياقىدا-

ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىكىدەك لاچىن قانات سىيىاقىدا يۇقىرى پەرۋاز ماھارىتى بىلەن



(72- رەسىم. ئوتتۇرا ئەسىر كىتاب قىستۇرما رەسىملىرىدىكى ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش. بويۇن قايرىپ قاراش)

ھەرىكەتكە سېلىش؛ بويۇندا خۇددى سىكىتاي ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن«خۇدخور»دېگىنىدەك ئاتتا ئالدىغا كېتىۋېتىپ ئارقىغا ئۇقيا ئۈزگەندەك، ئارقىغا بويىنىنى قايرىپ ئىما-ئىشارە قىلىپ، ئۇسسۇللۇق قىياپەت ھاسىل قىلىش؛ پىرقىراش، سەكرەش، بىر پۇت بىلەن تىزلىنىش؛ بېغىش، دولا، كۆكرەك ئويىنىتىش؛ ئېگىلىش، ئارقىغا ئېگىلىش، موللاق ئېتىش (73- رەسىمگە قاراڭ)قاتارلىقلار بۇ ئۇسسۇللارنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئۇسسۇللۇق ئوبراز ۋە قىياپەت يارىتىشىدىكى ئاساسىي ھەرىكەت شەكلى بولۇپ قالغان.



(73 - رەسىم. ئەرەب ساياھەتچىسى مەكدىس يازغان كىتابتىكى مەشرەپ شەكىللىك ئۇسسۇل كۆرۈنۈشى)

5. بۇ ئۇسسۇللار، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇسسۇلدا بەدەننى ئەۋرىشىم تۇتۇشنى ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي رېتىمى ۋە شەكىل گۈزەللىكى ئالاھىدىلىكى قىلغان. بۇ ئۇسسۇللار مەيلى ئىناقلاپ لەرزان ئېگىلىشتا، مەيلى كەينىگە قايرىلىپ قاراشتا، مەيلى بەدەننى قول- پۇت ھەرىكەتلىرىگە



(74-، 75-، 76 - رەسىم. نەۋائىي زامانىدىكى كىتاب قىستۇرمىلىرىدىن)

مۇۋازىنەت قىلىشتا، مەيلى ئۇسسۇللۇق قىياپەت ھاسىل قىلىشتا بولمىسۇن «T» شەكلى ۋە «Z» شەكلىدىن پەرقلىق ھالدا «S»شەكلىنى تامغا قىلغان. بىز قىيا رەسىملىرى ياكى بۇددىزم دەۋرىدە سىزىلغان رەسىملەر بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىن بۇ ئەنئەنىۋى قانۇنىيەتنى كۆرىمىز. بۇ خىل تامغا ھىندىستان ئۇسسۇللىرىدىكى «Z»(ئۈچ بۈكلىمە)تامغىدىن پەرقلىنىدۇ. كىيىمنىڭ نېپىز بولۇشى، كىيىمنىڭ بەدەنگە چاپلاشقان(كۆپتۈرۈلمىگەن) بولۇشى، ئىچكى كىيىمنىڭ قويۇق، تاشقى كىيىمنىڭ سۈس رەڭدە بولۇپ، بەدەن گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىكى ئەۋرىشىم

بەدەن گۈزەللىكىنى جۇلالاندۇرۇشنىڭ ئىزچىل ئەنئەنىسى ئىدى. بىز قىيالارغا چېكىلگەن يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق رەسىملەر، تاشكېمىرلارغا سىزىلىغان يېرىم يالىڭاچ ياكى بەدەنگە چاپلىشىپ تۇرغان كىيىملىك ئۇسسۇللۇق رەسىملەر بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىكى كىيىنىش ھالەتلىرىدىن بۇ ئەنئەنىنى كۆرىمىز.

يۇقىرىدىكى بايان بىزگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك مەنبەلىرى، خۇسۇسىيەتلىرىنى توغرا چۈشىنىشكە، ئۇسسۇل سەنئىتىنى بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخى، فولكلور تارىخى ئاساسىدا چۈشىنىشنى، ئۇنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى، ئۆز قانۇنىيەتلىرى بويىچە راۋاجلاندۇرۇش ئىزچىللىقىنى چۈشىنىشكە ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىدۇ.

1992- يىل 24 - ئاپرېل. ئۈرۈمچى

## پايدىلانغان مەنبەلەر


1. ھېروگرات: «تارىخ»
2. دىيومېزىل: «سىكىفلار ۋە ئاراتلار»
3. رودېنكو: «مەركىزىي ئالتاي ئاھالىسىنىڭ سىكىف دەۋرىدىكى سەنئىتى»
4. م. ئا. دېۋلېت: «كۆچمەنچىلەر دالىلىرىدىكى قىيا رەسىملەر»
5. ئەن شەنشىنفۇ: «يايلاق ۋە غەربىي رايوننىڭ رەسىملىك تارىخى»
6. «ئۆزبېكىستاندا مۇزىكىغا ئائىت قېزىلمىلار» (نېمىچە نۇسخىسى. كارامەتوپ تۈزگەن)
7. «جەنۇبىي ئۆزبېكىستان قېزىلمىلىرى» (ياپونچە توپلام)
8. «تۈركىيات مەجمۇئەسى»، 1972- يىللىق توپلام
9. ئانىموۋ: «شەرق ئەللىرى سەنئەت تارىخى»
10. راھمانوۋ: «ئۆزبېك تىياتىر تارىخى» 1. كىتاب
11. جۇدي: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى»
12. «جۇڭگو ئۇسسۇل تارىخى»، 1- كىتاب
13. شاگدا: «چاكىتەن ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى»
14. پوگاچېنكوۋا، زېمېل: «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەت تارىخىدىن ئوچېرك»


## ماقال - تەمسىللەر

△ ياخشىلىق تۆرگە باشلايدۇ، يامانلىق گۆرگە.

△ تىلىڭغا ئىختىيار بەرسەڭ، سۆزۈڭدىن ئېشەكمۇ زېرىكىدۇ.

△ خۇشامەتچى بولماي دېسەڭ، تاماخور بولما.

— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

△ ئايالنىڭ ئەقلىنى تۇل قالغاندا كۆر، بالىنىڭ ئەقلىنى يېتىملىكتە كۆر.

△ كىيىز ئۆينىڭ ئۆزى بىر كۈنلۈك، سۆزى مىڭ كۈنلۈك.

△ ئاسرايدىغان ياش بولسا، ئۆلىدىغان قېرى يوق.

— قازاق خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

△ ئۆلتۈرگەنمۇ تىل، تىرىلدۈرگەنمۇ تىل.

△ تىل مايدەك بىلىنىدۇ، تىكەندەك سانچىلىدۇ.

△ بىر غەيۋەتنىڭ ئۆۋرى ئىككىنچىسى چىققىچە.

— تاتار خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

△ ئۆزۈڭ ئۆگەتكەن مەرگەننىڭ ئۆزۈڭنى ئاتىدىغان ۋاقتىمۇ بولىدۇ.

△ ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئىشىدىن، بىلىمىنى سۆزىدىن بىلىسەن.

△ مۇسىبەت بىر بولىدۇ، يىغا - زارە ئۇنى ئىككى قىلىدۇ.

— ئەرەب خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەبىبۇللا روزى





**ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق سەنئەت كۆرىكى ئاياغلاشتى**

△ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ شىمالىي شىنجاڭ رايونى سەنئەت كۆرىكى 28 - ماي ئاياغلاشتى. كۆرەككە شىمالىي شىنجاڭدىكى ناھىيە دەرىجىلىك 14 ئۆمەك قاتنىشىپ، 11 مەيدان ئويۇن قويدى.

بۇ قېتىمقى كۆرەكتە ئورۇندالغان 175 نومۇرنىڭ 95 پىرسەنتىنى ھەر قايسى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بولۇپ، قويۇق مىللىي پۇراقتا ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ قېتىمقى نومۇرلارغا ناخشا - ئۇسسۇلدىن باشقا يەنە ئېپىزوت قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن. كۆرەكتە پىچان، كۇنەس ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئالتە ئۆمەك «مۇنەۋۋەر ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا، غۇلجا، تولى، فۇكاڭ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق سەككىز ئۆمەك «ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا، ئارشاڭ ناھىيىلىك ئۇلانمۇچىر سەنئەت ئۆمىكى، كۇنەس ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، «مەنىۋى مەدەنىيەت مۇكاپاتى» غا، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق بەش ئۆمەك «سەھنە دېكوراتسىيە مۇكاپاتى» غا، پىچان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان «شاد يىگىت»، تولى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ئېپىزوت - «خىزمەت ئىزدەش» قاتارلىق ئون نومۇر «مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتى» غا، ئۇنىڭدىن باشقا سەككىز نومۇر «مۇزىكا ئىجادىيەت مۇكاپاتى» غا، بەش نومۇر «ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇكاپاتى» غا، ئون نومۇر ناخشا - ئۇسسۇل، ئېپىزوت «ئىجادىيەت مۇكاپاتى» غا، ئون نومۇر «مۇزىكا ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا، قورغاس ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ساجىدەم، پىچان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ئابلىز، رەنا ئابلىتىپ، غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن تىلىۋالدى، كۇنەس ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن باقىت قاتارلىق 20 كىشى يالغۇز كىشىلىك ناخشا - ئۇسسۇل «ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

ئامىنە ئابدۇرېشىت




(1992 - يىل 3 - سان، ئومۇمىي 12 - سان)

△ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق»ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2-نۆۋەتلىك ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى سەنئەت كۆرىكى 5-ئىيۇن باشلىنىپ 10-ئىيۇن ئاقسۇ شەھىرىدە ئاياغلاشتى.

بۇ قېتىمقى كۆرەك پارتىيىنىڭ «ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى يېتەكچى قىلىپ، بىر قەدەر يۇقىرى سەنئەت سەۋىيىسىنى ئىپادىلىدى. ھەر قايسى ئۆمەكلەر كۆرەكتە بەدىئىي شەكلى كۆپ خىل، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ غايەت زور نەتىجىلىرى ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نادىر سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلدى. كۆرەككە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاستنىڭ 13 ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى قاتنىشىپ، بەش كۈن ئىچىدە 11 مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى (ئاقچى بىلەن ئۇلۇغچات، بۈگۈر بىلەن چەرچەن بىرلىشىپ ئويۇن كۆرسەتتى).

كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپقان كۆرەك باھالاش ھەيئىتى يۈكسەك كەسپىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ھەر بىر نومۇر ئۈستىدە ئىلمىي، ئادىل ۋە ئومۇمىيۈزلۈك پىكىر يۈرگۈزدى. باھالاشتا ئۇسسۇل، مۇزىكا، تېكىست ئىجادىيىتى، ئورۇنداش، رېژىسسورلۇق قىلىش ماھارىتى ئاساس قىلىندى، نومۇرلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىلدى.

بۇ قېتىمقى كۆرەكتە كۇچا، يەكەن، قاراقاش، ئاقچى، شايار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى بىلەن قەشقەر شەھەرلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى بىر قەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ كۇچا، يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ئىجاد قىلىپ ئورۇندىغان بىر قىسىم ئېپىزوت، ناخشا-ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىلار ناھىيە دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. كۆرەك داۋامىدا ھەر قايسى ئۆمەكلەر دوستلۇقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىشكە، پەرقلەرنى تېپىپ چىقىشقا ئەھمىيەت بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت زۇنۇن بۇ قېتىمقى كۆرەكنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، قارىم چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خىلۋەت ماكان-شايار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نەتىجىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىق ئىچىدە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭى ھەم ئىجادىي نومۇرلارنى ئېلىپ كېلەلىگەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقىدى. چۈنكى ئومۇمىي خىزمەتچىسى ئاران 21 نەپەر بولغان، ھازىرغىچە بىرەرمۇ قاتناش قورالىغا ئىگە ئەمەس، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بۇ ئۆمەك ماھارىتىنى ھەر جەھەتتىن تولۇق ئىشقا سېلىپ يەكەن، كۇچا قاتارلىق جەمئىيەتتە خېلى چوڭ تەسىر پەيدا قىلغان ئۆمەكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ ئۆمەكنىڭ ياش

مۇزىكانتى پولات ئاقنىياز مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئېلېكترونلۇق قۇرۇلمىغا ئىگە بىر باش، ئۈچ ساپلىق، غېجەك، راۋاب، گىتار ئورنىدا پايدىلانغىلى بولىدىغان «مۇڭتار» بىلەن بىر باش، بىر ساپلىق، ئىككى خىل ئاۋاز چىقىرىدىغان «پولاتتار»نى ئىجاد قىلىپ، مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئىسلاھ قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەتراپلىق باھالىشى ئارقىلىق كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ئېپىزوت «قىزىل گۈل، يېشىل يوپۇرماق» ھەر جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالغان، ئىجادىيەت جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىلغان، ئورۇنداش ماھارىتى، سەھنە گۈزەللىكى جەھەتتىمۇ بۆسۈش خاراكتېرىنى ئالغان نومۇر، دەپ قارالدى. بۇ ئۆمەك ئىجاد قىلىپ ئورۇندىغان ئوغۇللار كوللېكتىپ ئۇسسۇلى «تەقۋادار» ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە، بەلگىلىك تارىخىي قىممەت ۋە رېئال ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە نادىر نومۇرلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان «غەربىي دىياردىكى دۇمباق ئاۋازى»، «كاچۇك سەنەمى» قاتارلىق نومۇرلار مىللىتىمىزنىڭ دىن ۋە مەدەنىيەت تارىخىنى بىلىشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا سەھنە گۈزەللىكى، كىيىم - كېچەك لايىھىسى، ئورۇنداش سەنئىتى جەھەتتە يەرلىك ئالاھىدىلىك بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا، ئۇلار ئورۇندىغان «مۇقام يۇرتىدا شادلىق»تا مۇزىكا ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇل سەنئىتى ماھىرلىق بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. قەشقەر شەھەرلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان «ياڭرار سازىمىز كۈيلەر ئەۋجىدە» دېگەن راۋاب قوشىقى بىلەن قاراقاش ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان قىزلار ئۇسسۇلى «ئەۋرىشىم» مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان نەپىس نومۇرلار بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقنىڭ تۇرمۇشقا، ھاياتقا، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلدى. بۇ ئىككى نومۇر ئۇسسۇل ئورۇنداش جەھەتتىلا ئەمەس، يەنە سەھنە گۈزەللىكى، كىيىم لايىھىلىنىشى قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ ياخشى باھاغا ئېرىشتى. چەت چېگرىدىكى تاغلىق رايون ئاقچى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ «ئاقچىدا باھار»، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ «توي كېچىسى»، خېجىڭ ناھىيىلىك ئۇلانمۇچۇر سەنئەت ئەترىتىنىڭ «ساۋۇردىن» قاتارلىق نومۇرلىرىدا قىرغىز، تاجىك، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، سەنئەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان ئورۇننىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى كۆرەكتە ئورۇنداش مۇكاپاتىدىن 20 سى، مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇكاپاتىدىن بەشى، تېكىست ئىجادىيىتى مۇكاپاتىدىن بەشى، چىراغ، دېكوراتسىيە، ئاۋاز، گىرىم، كىيىم - كېچەك ئاساس قىلىنغان سەھنە گۈزەللىكى مۇكاپاتىدىن بەشى تەقسىم قىلىنىپ، مۇشۇ تۈرلەردە نەتىجىگە ئېرىشكەن كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە دەرىجە بويىچە تارقىتىپ بېرىلدى.

تۇنىياز مەتنىياز، غەيرەت ئۆمەر





بر دەققە

غەيرەت مەمتمن فوتوسى



كىگىز يېيىش (ماي بوياق) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان


《新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文） «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال) 1992 - يىل 4 - سان

编辑：《新疆文化》编辑部·出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆·印刷：《新疆日报》印刷厂·发行：乌鲁木齐市邮局·订阅：各地邮局（所）·

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋىي سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65-1073/1
本刊代号：58-22 定价：伍角

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/1
ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58. باھاسى 0.50 يۈەن